# ئىزدىنىش

## (تاللانما)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى

10

1995

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(ئايلىق ژۇرنال)

(تاللانما) 1995-يىل 10-سان
(ئومۇمىي 88-سان)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1995-يىللىق 15، 16-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى

## مۇندەرىجە

**جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيە، خەلق—پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى مۇستەھكەم تۈۋرۈكى**
—ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ........ **ليۇ خۇاچىڭ** (2)

**جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ شىزاڭدىكى شانلىق ئەمەلىيىتى**
— شىزاڭ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ........ **يىن چىڭيەن** (26)

سوتسىيالىزم ئەلىماتىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق سەكرەش
— دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئورنى ۋە تۆھپىسى ........ **يۈي يۈجۈن** (39)

**★10-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سېستىمىسى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

# جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيە، خەلق— پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى مۇستەھكەم تۈۋرۈكى

**— ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن**

**ليۇ خۇاچىڭ**

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغىنىغا توپتوغرا 50 يىل بولدى. بۇ قاينام-تاشقىنلىق ئۇرۇش يېقىنقى زامان تارىخىدا جۇڭگو خەلقى تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش يولىدا تۇنجى قېتىم تولۇق غەلىبىگە ئېرىشكەن مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى بولۇپ، ئۇ يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيانقى مىللىي نومۇسنى ئاقلاپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ خارابلىشىشتىن گۈللىنىشكە يۈزلىنىشىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى، شۇنداقلا، دۇنيانىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈنمۇ ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. مۇشۇ ئۇلۇغۋار مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان پېشقەدەم جەڭچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن تارىخنى ئەسلىسەم، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيە، خەلقنىڭ پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى مۇستەھكەم تۈۋرۈكى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. پارتىيىمىزنىڭ توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت ۋە ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇنى ئەگرى-توقاي يوللاردا ئۈزلۈكسىز ھالدا غەلىبىگە يېتەكلەپ مېڭىشتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرى بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغىتىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشىمىز ۋە يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىزدە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1. جۇڭگو كومپارتىيىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنى تەشەببۇس قىلىش، ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە قوغداشتا يېتەكچىلىك رولىنى ئويناپ،**

www.uyghurkitap.com

## پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشتىكى يادروسى بولۇپ قالدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللەتنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى قوغداش يولىدا ياپون تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى بىلەن ئېلىپ بارغان بىر مەيدان ھايات-ماماتلىق ئېلىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، گومىنداڭ مىلىتارىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، دۆلەت ئىچىدىكى سىنىپىي زۇلۇم ئېغىر ئىدى، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى يەر ئىنقىلابى ئۇرۇشى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ۋە مىلىتارىست قوراللىق كۈچلىرىنىڭ "قورشاپ يوقىتىش"ىغا ئۇچراۋاتقانىدى، 1931-يىلى "18-سېنتەبىر ۋەقەسى" يۈز بېرىپ، ياپون ئارمىيىسى شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىمىزنى ئىشغال قىلىۋالدى. 1935-يىلى "شىمالىي جۇڭگو ۋەقەسى" يۈز بېرىپ، ياپون ئارمىيىسى شىمالىي جۇڭگونى ئىشغال قىلىۋېلىپ، پۈتۈن جۇڭگونى بېسىۋېلىشقا ئۇرۇندى. جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەت ئاساسلىق زىددىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. جۇڭخۇا مىللەتلىرى ھايات-ماماتلىق پەيتتە تۇرغان ئەھۋالدا، گومىنداڭ-جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى چوڭ پومېشچىك ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، "تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەملىكەت ئىچىنى تىنچلاندۇرۇش لازىم" دېگەندىن ئىبارەت ئىچكى ئۇرۇش سىياسىتىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇردى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر، ھەرقايسى سىنىپلار ۋە ھەرقاسى تەبىقە خەلقلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك بىرلىك سەپنى شەكىللەندۈرۈپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ياپون جاھانگىرلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى-نى چىقىش قىلىپ، قوراللىنىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشەببۇسىنى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇش ئىدىيىسىنى بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويدى. "18-سېنتەبىر ۋەقەسى" يۈز بېرىپ 3-كۈنى پارتىيىمىز ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ھەققىدە خىتابنامە ئېلان قىلدى. 1931-يىل 1-ئايدا، پارتىيىمىز يەنە بىر قېتىم خىتابنامە ئېلان قىلىپ، سوۋېت رايونىدىكى قىزىل ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىشنى دەرھال توختىتىش، خەلق ئاممىسىغا دېموكراتىيە ھوقۇقى بېرىش ۋە ئىشچى-دېھقانلارنى قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك شەرت ئاستىدا، گومىنداڭنىڭ ھەرقانداق قىسىملىرى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئورتاق قارشى تۇرۇش ھەققىدە كېلىشىم تۈزۈشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. 1935-يىل 8-ئايدا، پارتىيىمىز يەنە مەشھۇر «1-ئاۋغۇست خىتابنامە-سى»نى ئېلان قىلىپ، كومپارتىيە ۋە قىزىل ئارمىيە جۇڭگودىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىشنى خالايدىغان پارتىيە-گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار، گومىنداڭنى ئۆز

ئىچىگە ئالغان بارلىق يەرلىك ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ، بىرلىكتە دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە تەسىس قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى. دۆلەتنىڭ بارلىق كۈچلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ئىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش يولىدا ھەرقايسى پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە ھەربىي قوشۇنلار بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى ئوخشاش بولمىغان سىياسىي قاراش ۋە مەنپەئەتكە نىسبەتەن "قېرىنداشلار ئۆزئارا سوقۇشماي، چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئەلىنىش"تەك سەممىي ئاڭغا ئىگە بولۇپ، ئالدى بىلەن ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ يۇقىرىقىدەك تەشەببۇسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى تەبىقىلەر ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. 1935-يىلدىكى "29-يانۋار ھەرىكىتى"نىڭ پارتلىشى پارتىيىمىزنىڭ "ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش" تەشەببۇسىنىڭ ئاممىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھەرىكەتنىڭ يۇقىرى دولقۇنى يېتىپ كەلگەن پەيتتە، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى 1935-يىل 12-ئايدا مەشھۇر ۋاياۋبۇ يىغىنىنى ئاچتى. يىغىننىڭ قارارى ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ دوكلاتىدا نەزەرىيە ۋە سىياسەت جەھەتتە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇش تاكتىكىسى توغرىسىدىكى باش لۇشيەنى رەسمىي بەرپا قىلىنىپ، پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسى قىزىل ئارمىيىنىڭ پائالىيەتلىرىنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچىلار، دېھقانلار، ئوقۇغۇچىلار، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بۇنى بىر پۈتۈن مىللىي ئىنقىلابىي سەپ قىلىشتىن ئىبارەت" («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1-توم، ئۇيغۇرچە 3-نەشرى، 301-بەت) دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ماۋ زېدۇڭ "سول"چىل بېكىنمىچىلىك خاتالىقىنى تەنقىد قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا كومپارتىيىنىڭ بىرلىك سەپتىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تەكىتلىدى.

شۇندىن باشلاپ پارتىيىمىز بىر تەرەپتىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئاممىۋى ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى، يەنە بىر تەرەپتىن، گومىنداڭ سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە گومىنداڭنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ۋە ئۇنىڭ ئارمىيىسىگە، گومىنداڭ ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر گېنېراللار قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى زاتلارغا قارىتىلغان بىرلىك سەپ خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇردى. 1936-يىل 2-ئايدا، "كومپارتىيىنى يوقىتىش" ئۈچۈن مەجبۇرىي ھالدا غەربىي شىمالدا ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي شىمال ئارمىيىسى ۋە غەربىي شىمال ئارمىيىسى پارتىيىمىز بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزدى. 9-ئاينىڭ 1-كۈنى، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيىگە «جياڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

جېبشنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا زورلاش مەسىلىسى توغرىسىدا يولىيورۇق» چىقىرىپ، بۇرۇنقى "ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، جياڭ جېبشىگە قارشى تۇرايلى!" دېگەن شوئارنى ئۆزگەرتىپ، "جياڭ جېبشىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا زورلاش" باش فاڭجېننى بەلگىلەپ، بىر تەرەپتىن گومىنداڭ، جياڭ جېبشىنىڭ يول قويۇش، مۇرەسسەچىلىك قىلىش، ئىگىلىك هوقۇقىنى يوقىتىپ ۋەتەنگە هاقارەت كەلتۈرۈش جەھەتتىكى ھەر بىر سۆز ۋە ھەرىكىتىنى داۋاملىق پاش قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇش ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش كېلىشىمى تۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ ۋە تەلەپ قويۇش لازىملىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بۇ تەشەببۇسى گومىنداڭ ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. 1936-يىل 12-ئاينىڭ 12-كۈنى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن "شىئەن ۋەقەسى" پارتلىدى، جۇڭگو كومپارتىيىسى مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى مۇھىم بىلىپ، بۇرۇنقى ئاداۋەتلەردىن قەتئىي ۋاز كېچىپ، "تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش" فاڭجېننى تېزلىك بىلەن تۈزۈپ چىقتى ۋە جاڭ شۆلياڭ بىلەن ياڭ خۇچېڭنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، جۇ ئېنلەي، يې جيەنيىڭ قاتارلىق كىشىلەرنى سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن شىئەنگە ئەۋەتىپ، جياڭ جېبشىنى ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئالتە تۈرلۈك شەرتنى قوبۇل قىلىشقا زورلىدى. "شىئەن ۋەقەسى"نىڭ يۈز بېرىشى ۋە تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشى جۇڭگو كومپارتىيىسى تەشەببۇس قىلغان ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەمەلدە كۆرسەتكەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ سىياسىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتتى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى 1937-يىل 2-ئايدا گومىنداڭ 5-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى چاقىرىلىش ھارپىسىدا، گومىنداڭغا تېلېگراممىا يوللاپ، ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى بەش تۈرلۈك تەلەپ ۋە پارتىيىمىزنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى قوراللىق كۈچ بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى توختىتىش ھەققىدىكى تۆت تۈرلۈك كاپالەتنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ— پارتىيىمىزنىڭ كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭنىڭ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن گومىنداڭغا زور يول قويۇشى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ جياڭ جېبشى بىلەن بىرلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوللانغان مۇھىم تەدبىرى ئىدى. گومىنداڭ 5-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا جىددىي كۈرەشلەر ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ھەمكارلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسى ئەمەلىيەتتە قوبۇل قىلىنىپ، بۇ ھەقتىكى قارار لايىھىسى ماقۇللاندى.ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي

بىرلىك سەپ شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. 1937-يىل 2-ئايدىن 9-ئايغىچە، پارتىيىمىز يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ جۇ ئېنلەي، يې جيەنيىڭ قاتارلىق كىشىلەرنى ئەۋەتىپ شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ ھاكىمىيىتى، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىشى، گومىنداڭ-كومپارتىيە ھەمكارلىقىنىڭ تەشكىلىي شەكلى ۋە ئومۇمىي پروگراممىسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن ئالتە قېتىم سۆھبەت ئېلىپ باردى، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە يەنە مۇھىم مەسىلىلەردە زۆرۈر دەرىجىدە يول قويۇپ، گومىنداڭنىڭ قەدەممۇ قەدەم تىنچلىق، دېموكراتىيە ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەرەپكە بۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1937-يىل 9-ئاينىڭ 22-كۈنى، گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقى «جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ گومىنداڭ-كومپارتىيە ھەمكارلىقى ئورنىتىلغانلىقى ھەققىدىكى خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلدى؛ 23-كۈنى، جياڭ جيېشى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ھەققىدىكى سۆھبىتىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ-كومپارتىيە ھەمكارلىقى ئاساسىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ رەسمىي شەكىللەندى. تارىخنىڭ بۇنداق بىر جىددىي بۇرۇلۇش پەيتىدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ سىياسىتىنى ئۆز ۋاقتىدا تەڭشەپ، ئىككىنچى قېتىملىق گومىنداڭ-كومپارتىيە ھەمكارلىقىنى ئاكتىپلىق بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىشى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يېتەكلىگۈچى ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. خۇددى ماۋ زېدۇڭ ئېيتقاندەك: "ئەگەر كومپارتىيە، 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيە ۋە شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونى ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى چىن دىلىدىن تەشەببۇس قىلمىغان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنى ھېچكىم تەشەببۇس قىلمىغان، شىئەن ۋەقەسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا ھېچكىم رەھبەرلىك قىلمىغان بولاتتى، ئۇ ھالدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى." («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 2-توم، ئۇيغۇرچە 3-نەشرى، 1407-بەت) جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشى شۇنىڭدىن باشلاپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ بايرىقى ئاستىدا، پۈتۈنلەي يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، گومىنداڭ سىياسىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى — ياپون جاھانگىرلىرىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر مەھەل داغدۇغىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەنىدى. لېكىن ئۇرۇش تىركىشىش باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالغانلىقى ۋە تەرەققىپەرۋەر كۈچلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپونىيىنىڭ سىياسىي جەھەتتە گومىنداڭنى تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرغانلىقى ۋە ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىگە قاراتقان ماداراچىلىق سىياسىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، سىياسەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سىرتقا قارىتىشتىن ئىچكى قىسىمغا قارىتىشقا بۇراپ،

www.uyghurkitap.com

ياپون باسقۇنچىلىرىغا پاسسىپ قارشى تۇرۇش، كومپارتىيىگە ئاكتىپ قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا يۈزلەندى. گومىنداڭ-كومپارتىيە ھەمكارلىقىنىڭ داۋاملىشىش-داۋاملاشماسلىقى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپنىڭ مۇستەھكەملىنىش-مۇستەھكەملىنەلمەسلىكى ۋە كېڭىيىش-كېڭىيەلمەسلىكى يەنە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. خۇددى ماۋ زېدۇڭنىڭ كۆرسەتكىنىدەك: „جۇڭگونىڭ مۇشۇنداق ئېغىر مىللىي بوھران ۋە ئىجتىمائىي بوھراندىن ئازاد بولالىشى ياكى ئازاد بولالماسلىقى مۇشۇ بىرلىك سەپنىڭ راۋاجلىنىش ئەھۋالىغا باغلىق بولىدۇ.“ («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 2-توم، ئۇيغۇرچە 3-نەشرى، 722-بەت) گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ھەمكارلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىدا بۆلۈنۈش خەۋپىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پارتىيىمىز تارىختىن بۇرژۇئازىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، گومىنداڭنىڭ شۇ چاغدىكى ئىككى يۈزلىمىلىكلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەم بىرلىشىش، ھەم كۈرەش قىلىش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئۇنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپنىڭ باش سىياسىتى قىلدى. بىرلىشىش — سىياسەتنىڭ چىقىش نۇقتىسى، شۇنداقلا ئاخىرقى مەقسىتى، بۇ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ كۈرەش قىلىش — بىرلىشىشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ۋاستىسى، بۇ بىرلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت باش مەقسەتكە بويسۇنىدۇ، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن خەلقئارادىكى ماداراچىلىق پىكىر ئېقىمىنىڭ يامراپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، بىرلىشىش داۋامىدىكى بۇ خىل كۈرەشمۇ خېلى كەسكىنلىشىپ كەتكەنىدى. ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانىدا، گېرمانىيە ئارمىيىسى پولشاغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر بۇ ئاپەتنى شەرققە باشلىماقچى بولدى، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى چوڭ پومېشچىك، چوڭ بۇرژۇئازىيىمۇ خەلقئارادىكى بۇ ماداراچىلىق پىكىر ئېقىمىغا ئەگىشىپ، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا تەسلىم بولۇش تەتۈر ئېقىمىنى قوزغىدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش-تەسلىمچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىتتىپاقلىقنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش-بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇش، ئالغا بېسىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش-چېكىنىشكە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىياسىي شوئارنى ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىرلىك سەپنى تىرىشىپ قوغداپ، تەسلىمچىلىك خەۋپىنى تۈگەتتى. پارتىيىمىز بىرلىك سەپنىڭ ئىچكى قىسمىدا سولچىلار، ئارىلىقتىكىلەر ۋە ئوڭچىلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل سىياسىي كۈچ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رېئاللىقنى كۆزدە تۇتۇپ، يەنە „تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى راۋاجلاندۇرۇش، ئارىلىقتىكى كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، جاھىل كۈچلەرنى يېتىم قالدۇرۇش“تەك تاكتىكىلىق فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدى.

تەسلىمچىلەر، كومپارتىيىگە قارشى جاھىللار قوزغىغان ھەربىي سۈركىلىشلەرنى ئارمىيىمىز „باشقىلار بىزگە چېقىلمىسا، بىزمۇ باشقىلارغا چېقىلمايمىز، باشقىلار بىزگە چېقىلىدىكەن، بىزمۇ باشقىلارغا چېقىلىمىز“

دېگەن پرىنسىپ بويىچە قەتئىي چىكىندۈردى. بۇ جياڭ جيېشىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا پاسسىپ قارشى تۇرۇپ، كومپارتىيىگە ئاكتىپ قارشى تۇرغانلىقىغا قارشى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجى ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ قۇترىشىغا يول قويۇلىدىكەن، بىرلىك سەپ بۇزۇلىدۇ، پۈتكۈل ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشمۇ تۈگەپ كېتىدۇ. 1939-يىل قىشتىن 1940-يىل ئەتىيازغىچە، گومىنداڭ جاھىللىرى شىمالىي جۇڭگودىكى 8-ئارمىيىگە قارشى كەڭ كۆلەمدە ھەربىي ھۇجۇم قوزغىدى. ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋەزىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ئارمىيىمىز يوللۇق، پايدىلىق، چەكلىك بولۇش پرىنسىپى ئاستىدا قەتئىي زەربە بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بازىلارنى مۇستەھكەملەپ، ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك ھالدا توسۇپ قالدى. ”جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى“ يۈز بەرگەندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر گومىنداڭ، جياڭ جيېشىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرنى نابۇت قىلىش ھەرىكىتىگە قارىتا ئىنتايىن قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىنى ئىپادىلىدى. جىددىي ۋەزىيەت ئالدىدا، پارتىيىمىز بۇرۇنقىدەكلا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى مۇھىم بىلىپ، سىياسىي جەھەتتە ھۇجۇم قىلىش، ھەربىي جەھەتتە مۇداپىئەلىنىش تاكتىكىسىنى قوللاندى، بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ بىرلىك سېپى زادىلا بۇزۇلمىدى.

پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتى، تاكتىكىسى، فاكتورلىرىنىڭ تۈزۈلگەنلىكى ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلگەنلىكى پارتىيىمىزنىڭ ”ئۆز ئىشلىرىنىمۇ، ئىتتىپاقداشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىمۇ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالايدۇ“ غانلىقىنى چۈشەندۈردى، پارتىيىمىزنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكى ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى. گومىنداڭ-كومپارتىيە ھەمكارلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئورتاق قارشى ئۇرۇش قىلىش داۋامىدا، پارتىيىمىز جاھىللارنىڭ تەسلىمچىلىك، بۆلگۈنچىلىك خەۋپىنى ئارقا-ئارقىدىن يېڭىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنى مۇستەھكەملەپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت توغرا يولنى بويلاپ تاكى ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىچە ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يېتەكلەپ ماڭدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى — جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بىرلىك سەپ سىياستىنىڭ غەلىبىسى دېمەكتۇر. گومىنداڭ-كومپارتىيە ھەمكارلىقى ئاساسىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ بايرىقى ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقى بولۇپ، ئۇ قۇدرەتلىك چاقىرىق كۈچىگە ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە ئىگىدۇر. بىرلىك سەپنى تەشەببۇس قىلىش، ۋۇجۇدقا چىقىرىش، قوغداش، قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، جۇڭگو كومپارتىيىسى يېتەكلىگۈچى رول ئويناپ، ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنىڭ يادروسى بولۇپ قالدى.

## 2. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان ئومۇمىيۈزلۈك ياپون

www.uyghurkitap.com

**باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش لۇشيەنى ۋە ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ئومۇمىي فاڭجېنى — پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ ئۇلۇغ پروگراممىسى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ قىبلىنامىسى.**

پارتىيىمىز جۇڭگو-ياپونىيە ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، گومىنداڭنىڭ خەلق ئارمىيىسىنى ھەرىكەتلەندۈرمەي ۋە قوراللاندۇرماي، نوقۇل ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيىلا ئېلىپ بارىدىغان بىر تەرەپلىملىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش لۇشيەنىنى يۈرگۈزگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، پۈتۈن مىللەت ئېلىپ بارىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش لۇشيەنى ھەم ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش ۋە ئاكتىپ مۇداپىئەلىنىش توغرىسىدىكى ستراتېگىيىلىك فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە يېتەكلەشتە ئىنتايىن قىممەتلىك تۆھپە قوشتى.

ياپونىيە جۇڭگوغا ئومۇمىيۈزلۈك تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىغان چاغدا، ياپونىيە-جۇڭگو ئىككى تەرەپنىڭ ئومۇمىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا دۈشمەن كۈچلۈك، بىز ئاجىز ئىدۇق. ياپونىيە زامانىۋىلاشقان سانائەت دۆلىتى بولۇپ، 1937-يىلى يىللىق ئىشلەپچىقىرىلغان پولات 5 مىليون 800 مىڭ توننا، ئايروپىلان 1500 دانە، تانكا 300 دانە، چوڭ ئېغىزلىق زەمبىرەك 744 دانە، ھەربىي كېمە تونناژى 52422 توننا بولۇپ، دېڭىز ئارمىيىسى كۈچى ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىن قالسىلا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇراتتى. جۇڭگو بولسا ئارقىدا قالغان يېزا ئىگىلىك دۆلىتى بولۇپ، بىر قىسىم يېنىك تىپتىكى قوراللاردىن باشقىنى ئاساسەن ياسىيالمايتتى. لېكىن ياپونىيىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۇرۇشقا پايدىسىز ئامىللىرىمۇ بار ئىدى. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ يەر زېمىنى كىچىك بولۇپ، تەخمىنەن جۇڭگو زېمىنىنىڭ 28 دىن بىر قىسمىغا، ئاھالىسى 90 مىليوندىن كۆپرەك بولۇپ، پەقەت جوڭگو ئاھالىسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلەتتى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ كان بايلىقى كەمچىل بولۇپ، سانائەت خام ئەشيالىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئېكسپورت قىلىشقا تاييناتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇرۇشنىڭ ئادالەتسىزلىكى، ۋەھشىيلىكى ئۇنى مۇقەررەر ھالدا يار-يۆلەكسىز قالدۇراتتى. جۇڭگو گەرچە يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە ھالەتتىكى ئاجىز دۆلەت بولسىمۇ، تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇراتتى، كومپارتىيە ۋە ئۇنىڭ ئارمىيىسى ئىنتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنىڭ يادروسى بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، زېمىنىمىز كەڭ، بايلىقىمىز مول، ئادىمىمىز كۆپ، ئەسكىرىمىز كۆپ بولۇش شۇنىڭدەك ئۇرۇشىمىزنىڭ ئادالەتلىكلىكى مۇقەررەر ھالدا بىزنى پۈتۈن خەلقنىڭ قوللىشىغا ۋە خەلقئارانىڭ ياردىمىگە ئېرىشتۈرەتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە ئارمىيە ئەھۋالى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەھلىلنى ئاساس قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىشى بىلەنلا پۈتۈن مىللەت ئېلىپ بارىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش لۇشيەنىنى يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە پۈتۈن بىر يۈرۈش چارە-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1937-يىل 7-ئاينىڭ 23-كۈنى ماۋزېدۇڭ «ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇشنىڭ فاڭجېنى، چارىسى ۋە ئىستىقبالى» دېگەن ماقالىسىدە پۈتۈن مەملىكەتنى ئومۇمىي سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە ئىتتىپاقلىشىپ ئومۇمىيۈزلۈك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدىكى سەككىز ماددىلىق پروگراممىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "خەلق كۈچى بىلەن ھەربىي كۈچ بىرلەشسە، ياپون جاھانگىرلىكىگە ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ. مىللىي ئۇرۇشتا خەلق ئاممىسىغا يۆلەنمىگەندە، قىلچە شەك-شۈبھە يوقكى، غەلبە قازانغىلى بولمايدۇ." («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 2-توم، ئۇيغۇرچە 3-نەشرى، 689-بەت) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرى چاقىرغان لوچۇەن يىغىنىدا "بۈگۈنكى كۈندە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى قوزغالغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئۈلغايتىپ ئومۇمىيۈزلۈك بولغان، پۈتۈن مىللەت ئېلىپ بارىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئايلاندۇرۇش" دەپ كۆرسەتتى ھەمدە مەشھۇر «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ ئون ماددىلىق پروگراممىسى»نى ماقۇللىدى. ئون ماددىلىق پروگراممىا پۈتۈن مىللەت ئېلىپ بارىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش لۇشيەنىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، ئاجىز دۆلەت كۈچلۈك دۆلەتنى يېڭىپ چىقىشنىڭ بىردىنبىر توغرا يېتەكچى فاڭجېنى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەربىي دائىرىلىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىلىك فاڭجېنىنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتې-تى "7-ئىيۇل ۋەقەسى"دىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا «پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىلىك پىلانى ۋە ئۇرۇش قىلىش پرىنسىپلىرىنى تۇرغۇزۇش توغرىسىدا تەكلىپ» نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ «تەكلىپ»تە پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا قوللىنىشقا تېگىشلىك ستراتېگىيىلىك فاڭجېن ۋە ئۇرۇش قىلىش پرىنسىپلىرى سىستېمىلىق ھالدا بايان قىلىندى: ستراتېگىيىلىك ئاساسىي فاڭجېن — ئۇزاققا سوزۇلىدىغان مۇداپىيە ئۇرۇشى؛ ئۇرۇشتا تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشنى ئاساس قىلىش؛ ئۇرۇش قىلىشتىكى ئاساسىي پرىنسىپ ھەرىكەتچان ئۇرۇش، بەلگىلەنگەن جايدا، مۇۋاپىق پەيتتە، مۇتلەق ئۈستۈن بولغان ئەسكىرىي كۈچ ۋە ھەربىي قورال-ياراقلارنى توپلاپ كەسكىنلىك بىلەن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئىستېھكاملىق خورىتىش ئۇرۇشىدىن

www.uyghurkitap.com

ساقلىنىش؛ كەڭ دائىرىدە پارتىزان ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇرۇش سېپىنى دۈشمەننىڭ تۆت ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق دۈشمەننى تارقىتىپ، ئازدۇرۇپ ۋە ھاردۇرۇپ، پايدىلىق شارائىت ۋە پۇرسەت يارىتىپ، ئاساسىي قىسىمىمىزنى ھەرىكەت داۋامىدا دۈشمەننى تارمار قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ۋەھاكازالار. 1937-يىل 8-ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى نەنجىڭدا دۆلەت مۇداپىيە يىغىنى ئاچتى. تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتناشقان جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋەكىللىرىدىن جۇ ئېنلەي، جۇ دې، يې جيەنيىڭلەر پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىلىك فاڭجېنى ۋە ئۇرۇش قىلىش پرىنسىپلىرىنى بايان قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ستراتېگىيە جەھەتتە ئۇزاققا سوزۇلىدىغان مۇداپىئەنى يولغا قويۇش، تاكتىكا جەھەتتە ھۇجۇم قىلىش يولىنى تۇتۇش كېرەكلىكىنى؛ ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇش رايونلىرىدا مۇۋاپىق پەيتتە، ئىستىھكام ئۇرۇشىدىن ھەرىكەتچان ئۇرۇشقا ئۆتۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۈشمەننىڭ يان تەرىپىدىكى ئارقا سەپتە خەلق ئاممىسىنى تەشكىللەپ پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەننىڭ قاتناش-ترانسپورتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، دۈشمەننى ئىسكەنجىگە ئېلىش ۋە تارمار قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئارمىيە ۋە خەلقنى سەپەرۋەر قىلغاندىلا ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يۇقىرىقى فاڭجېن، پرىنسىپ ۋە ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ فاڭجېنىنى تۈزۈپ چىقىشىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. نەنجىڭ دۆلەت مۇداپىيە يىغىنى "ئۇزاققا سوزۇلىدىغان خورىتىش" دېگەن ستراتېگىيىلىك فاڭجېنىنى قوللىنىشنى رەسمىي بېكىتتى. گەرچە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى كېيىنكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا بۇ ستراتېگىيىلىك فاڭجېنىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرماي، داۋاملىق ھالدا بىر تەرەپلىمىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش لۇشيەنىنى يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ كەڭ ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە بىر قىسىم گومىنداڭ گېنېراللىرىدا ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى، ئۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ئۇدۇل تەرەپتىكى ئۇرۇش مەيدانىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىسمەن غەلىبىلەرگە ئېرىشتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، پارتىيىمىز ئوتتۇرىغا قويغان ئومۇميۈزلۈك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك پىلان ۋە ئۇرۇش قىلىش پرىنسىپلىرى پۈتۈن مىللەت ئېلىپ بارىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىستىقبالىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەپ بېرىش، مۇنقەرزچىلىك قارشى ۋە تېز غەلىبە قىلىش قارىشىغا رەددىيە بېرىش، پۈتكۈل خەلقنىڭ ئىشەنچى ۋە كۈرەش ئىرادىسىگە مەدەت بېرىش ئۈچۈن، ماۋ زېدۇڭ «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» ۋە «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ستراتېگىيە مەسىلىسى» قاتارلىق مۇھىم

ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىدا نېمە ئۈچۈن ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش نەزەرىيىسىنى يۈرگۈزۈش كېرەكلىكىنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەپ، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشنىڭ پۈتۈن بىر يۈرۈش كونكېرت ئۇرۇش قىلىش فاڭجېن ۋە پرىنسىپلىرىنى تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكىنىڭ ئىلمىيلىكىنى، ھۆكۈملىرىنىڭ توغرىلىقىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ پۈتۈن جەريانىدىكى ئەمەلىيەت تولۇق ئىسپاتلىدى.

ماۋ زېدۇڭ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش ئارقىلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ مۇمكىنلىكى ۋە چوقۇم شۇنداق قىلىشى كېرەكلىكىنىڭ ئاساسىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ ۋە دەلىللەپ چىقتى. ئۇ دەۋر ئالاھىدىلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "جۇڭگو-ياپونىيە ئۇرۇشى ھېچقانداق باشقىچە ئۇرۇش ئەمەس، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جۇڭگو بىلەن جاھانگىر ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھايات-مامات ئۇرۇشىدۇر. ھەممە مەسىلىنىڭ ئاساسى ئەنە شۇ يەردە."(«ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 2-توم، ئۇيغۇرچە 3-نەشرى، 887-بەت) شۇنىڭغا ئاساسەن ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، بىر-بىرىگە زىت بولغان تۆت ئاساسىي ئالاھىدىلىكنى تەھلىل قىلدى، ئۇ بولسىمۇ دۈشمەن كۈچلۈك، بىز ئاجىز، دۈشمەن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش ئەكسىيەتچىل ئۇرۇش، بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش ئىلغار ئۇرۇش، ياپونىيە كىچىك دۆلەت، جۇڭگو چوڭ دۆلەت، دۈشمەنگە ياردەم ئاز، بىزگە ياردەم كۆپ دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى، ئاخىرقى غەلىبىنىڭ جۇڭگونىڭ بولىدىغانلىقىنى، جۇڭگونىڭ مۇنقەرزمۇ بولمايدىغانلىقىنى، تېز غەلىبىمۇ قىلالمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش ئارقىلىقلا ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

ماۋزېدۇڭ دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىز ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، بىر-بىرىگە زىت بولغان ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىلىك مۇداپىئە، ستراتېگىيىلىك تىركىشىش ۋە ستراتېگىيىلىك قايتۇرما ھۇجۇمدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدىغانلىقىنى ئىلمىي يوسۇندا ئالدىن كۆرۈپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ بۇ ئۈچ باسقۇچلۇق ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلىگەندە دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مىقدار ۋە سۈپەت جەھەتتىكى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بەردى، تىركىشىش باسقۇچىنىڭ يېتىپ كېلىشىدىكى شەرتنى نۇقتىلىق تەھلىل قىلىپ، تىركىشىش باسقۇچى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئۆتۈشىدىكى تۈگۈن دەپ ھېسابلىدى. بۇ، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ جەۋھىرى. تىركىشىش باسقۇچىدا، پارتىزان ئۇرۇشى بىزنىڭ ئاساسلىق ئۇرۇش قىلىش شەكلىمىز، ھەرىكەتچان ئۇرۇش ۋە ئىستىھكام ئۇرۇشى بولسا قوشۇمچە شەكىل بولىدۇ. تىركىشىش باسقۇچى جاپالىق،

ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان باسقۇچ بولۇپ، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش كۈچى ئاساسەن مۇشۇ باسقۇچتا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. تىركىشىش باسقۇچىدىكى تىرىشچانلىق ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش كۈچى ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىزنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ. ئۇ چاغدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قولدىن كەتكەن زېمىننى قايتۇرۇۋالىدىغان ستراتېگىيىلىك قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچىغا كىرىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچتا، ھەرىكەتچان ئۇرۇش ئاساسىي ئۇرۇش شەكلى بولۇپ قالىدۇ.

ماۋ زېدۇڭ يەنە ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشتىن ئىبارەت باش فاڭجېننى يولغا قويۇشتا قوللىنىشقا تېگىشلىك بىر يۈرۈش كونكرېت ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنى ۋە پرىنسىپلىرىنى چوڭقۇر بايان قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ستراتېگىيە جەھەتتە ئىچكى سەپتە بولىدىغان ئۇزاققا سوزۇلىدىغان مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىش، جەنىي ۋە جەڭ جەھەتتە تاشقى سەپتە بولىدىغان تېز غەلىبە قىلىدىغان ھۇجۇم ئۇرۇشى قىلىش، ستراتېگىيە جەھەتتىكى تۆۋەنلىك، پاسسىپ پايدىسىز ھالەتنى جەنىي ۋە جەڭدىكى ئۈستۈنلۈككە، تەشەببۇسكار پايدىلىق ھالەتكە ئۆزگەرتىش كېرەك؛ تاشقى سەپتە بولىدىغان، تېز ھەل قىلىدىغان ھۇجۇم ئۇرۇشى قىلىشتىن ئىبارەت ئۇرۇش فاڭجېننى يولغا قويۇشتا، تەشكىللەش، قوماندانلىق قىلىش جەھەتتىكى تەشەببۇسكارلىق، جانلىقلىق ۋە پىلانچانلىقنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇرۇش قىلىش شەكلى جەھەتتە، ئۇرۇش تەرەققىياتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىغا ئاساسەن، ھەرىكەتچان ئۇرۇش، پارتىزان ئۇرۇشى، ئىستىھكام ئۇرۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئوخشاش بولمىغان ئۇرۇش شەكلىنى توغرا قوللىنىشقا ماھىر بولۇش لازىم. ماۋ زېدۇڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش قىلىش فاڭجېننى ”ئاساسەن پارتىزان ئۇرۇشى قىلىش، لېكىن ئەپلىك شارائىتتا ھەرىكەتچان ئۇرۇشنىمۇ قولدىن بەرمەسلىك“ دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ماۋ زېدۇڭ يەنە خورىتىش ئۇرۇشى بىلەن يوقىتىش ئۇرۇشىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى شۇنىڭدەك پايدىلىق ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىش، پايدىسىز ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلاردىن ساقلىنىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى توغرا تەلەپ مۇمكىنقەدەر يوقىتىش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش، جەنىي دائىرىلىك يوقىتىش ئۇرۇشى ئارقىلىق ستراتېگىيىلىك خورىتىش ئۇرۇشى مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

ئۇرۇش تارىخىدا، پارتىزان ئۇرۇشى چوڭ ئۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ياردەمچى ۋاستىسى قىلىناتتى، ماۋ زېدۇڭ بۇنى تۇنجى قېتىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا كۆتۈردى. ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىدىكى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورنىنى سىستېمىلىق شەرھلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جۇڭگو-ياپونىيە ئۇرۇشى دۈشمەن كۈچلۈك، بىز ئاجىز، ياپونىيە كىچىك دۆلەت، جۇڭگو چوڭ دۆلەت، دۈشمەننىڭ ئېلىپ

بېرىۋاتقىنى ئەكسىيەتچىل ئۇرۇش، بىزنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقىنىمىز ئادىل ئۇرۇش، دۈشمەنگە ياردەم ئاز، بىزگە ياردەم كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقتىن، دۈشمەن بېسىۋالغان يەر بەك كەڭ بولۇش ھادىسىسى ۋە ئۇرۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى يۈز بەردى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشى، ئاساسەن، ئىچكى سەپتە، جەنبىي، جەڭلەردە مۇنتىزىم ئارمىيىگە ماسلىشىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇش ئەمەس، بەلكى تاشقى سەپتە يەنى دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدە ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىدىغان، ستراتېگىيە جەھەتتە ئۇدۇل تەرەپتىكى دوست ئارمىيىنىڭ مۇنتىزىم ئۇرۇشىغا ماسلىشىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇش بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كومپارتىيىنىڭ مۇستەھكەم رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئارمىيىسى ۋە كەڭ ئامما قاتناشقانلىقتىن، پارتىزان ئۇرۇشى كىچىك مىقياستىكى ئۇرۇش ئەمەس، بەلكى چوڭ مىقياستىكى ئۇرۇش بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ستراتېگىيىلىك مۇداپىئە، ستراتېگىيىلىك ھۇجۇم قاتارلىق بىر يۈرۈش مەسىلىلەر تۇغۇلدى. يەنە كېلىپ توختىماي دۈشمەننى ئاجىزلاشتۇرۇش، ئۆزىمىزنى زورايتىش يولىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش ئارقىلىق پارتىزانلار قوشۇنى ۋە پارتىزان ئۇرۇشى مۇقەررەر ھالدا مۇنتىزىم ئارمىيە ۋە ھەرىكەتچان ئۇرۇشقا قاراپ راۋاجلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا دۈشمەن ئۈستىدىن غالىپ كېلىدىغان قۇدرەتلىك ئۇرۇش كۈچىگە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشى تاكتىكا دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ ستراتېگىيىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ، پارتىزان ئۇرۇشى مەسىلىسىنى ستراتېگىيە نۇقتىئىنەزىرىدىن تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ماۋ زېدۇڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن، جانلىق، پىلانلىق ھالدا مۇداپىئە ئۇرۇشى داۋامىدىكى ھۇجۇم ئۇرۇشىنى، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش داۋامىدىكى تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشىنى، ئىچكى سەپ ئۇرۇشى داۋامىدىكى تاشقى سەپ ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىش، مۇنتىزىم ئۇرۇش بىلەن ماسلىشىش، تايانچ بازىلارنى قۇرۇش، ستراتېگىيىلىك مۇداپىئە ۋە ستراتېگىيىلىك ھۇجۇم، ھەرىكەتچان ئۇرۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىش، توغرا قوماندانلىق قىلىش مۇناسىۋىتى قاتارلىق تەرەپلەردىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ستراتېگىيە مەسىلىسىنى كونكرېت شەرھلىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى توغرىسىدىكى ئىلمىي بايانى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىغا بولغان تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى كەڭ ئۇرۇش مەيدانلىرىدا تېز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينىدى.

ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدىكى ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسى ۋە پارتىزان ئۇرۇشى نەزەرىيىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەدەممۇ قەدەم غەلىبىگە يېتەكلەيدىغان قىبلىنامە. دەل مۇشۇنداق پارلاق ھەربىي ئىدىيە، توغرا ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا پرىنسىپلىرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، دۇنيانىڭ شەرقىدە ھەيۋەتلىك ئۇرۇش مەنزىرىسى ھاسىل قىلىنىپ، ئىنسانىيەت ئۇرۇش تارىخىدا مۆجىزە يارىتىلدى. بەزى چەت ئەللىك ئەربابلارنىڭ ماۋ زېدۇڭنى ”ئۇزاققا

www.uyghurkitap.com

سوزۇلدىغان ئۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ پىشۋاسى»، «ھازىرقى زامان پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ئاتىسى» دەپ تەرىپلىشى ھەقىقەتەنمۇ ئورۇنلۇق ئىدى.

**3.جۇڭگو كومپارتىيىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيە ۋە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئاچقان دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى كەڭ ئۇرۇش مەيدانلىرى قەدەممۇقەدەم پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى ئاساسلىق ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ، پۈتۈن مىللەت ئېلىپ بارىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.**

پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، بىز دۇچ كەلگەن دۈشمەن ئارمىيىسى قورال-ياراقلىرى سەرخىل، ھەربىي مەشىقتە پىشقان ياپون فاشىست ئارمىيىسى؛ دوست ئارمىيىمىز گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن ئىبارەت بولدى. گەرچە گومىنداڭ-كومپارتىيە ھەمكارلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئورتاق قارشى تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ دائىرىلىرى بىزگە نىسبەتەن يەنىلا يامان نىيەتتە ئىدى؛ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ بولسىمۇ، لېكىن ئادەم سانى ئاز، قورال-ياراقلىرى ناچار ئىدى. ئەگەر ئاران نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك ئارمىيىمىزنى ئۇدۇل تەرەپتىكى ئۇرۇش مەيدانىغا سېلىپ، ياپون ئارمىيىسى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشساق، كۈچىمىز خوراپ تېزلا تۈگەپ كېتەتتى، بۇنداق قىلىش ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە پايدىسىز ئىدى. بىز «ھەيۋەتلىك قوشۇنغا چېقىلماسلىق، مۇستەھكەم قورغانغا ھۇجۇم قىلماسلىق» دېگەن داۋلىنى ئوبدان بىلەتتۇق. ئارمىيىمىز دۈشمەنىنىڭ ئارقا سېپىگە ئىلگىرىلەپ كىرسە، ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە بولاتتى. ياپون ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى يېتەرسىز بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئارقا سېپىدىكى بېسىۋالغان يەرلەر بەك بوش ئىدى، بۇ ھال ئارمىيىمىزنىڭ پارتىزان ئۇرۇشى قىلىش ھۈنىرىنى كۆرسىتىشكە مەيدان ھازىرلاپ بەرگەنىدى؛ ئارمىيىمىز خەلقنىڭ ئارمىيىسى بولۇپ، خەلق ئاممىسى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەتتە ئىدى. ئۇ خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش ۋە ئىنقىلابىي تايانچ بازىلارنى قۇرۇش جەھەتتە مول تەجرىبىگە ئىگە ئىدى. ئارمىيىمىز دۈشمەنىنىڭ ئارقا سېپىگە ئىچكىرىلەپ كىرسە، بېلىق سۇغا ئىگە بولغاندەك، چوقۇم ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايتتى. مانا مۇشۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئارمىيىمىزنىڭ ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدىكى مۇنتىزىم ئۇرۇشتىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئۇرۇش دەۋرىدىكى پارتىزان ئۇرۇشىغا بۇرۇلۇشتەك ھەربىي ستراتېگىيە جەھەتتىكى بۇرۇلۇشنى يولغا قويۇشنى ئۆز ۋاقتىدا ۋە كەسكىنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئارمىيىمىزنىڭ تېزلىك بىلەن دۈشمەنىنىڭ ئارقا سېپىگە يۈرۈش قىلىپ، دۈشمەنىنىڭ ئارقا سېپىدە ئۇرۇش مەيدانى ئېچىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلارنى بەرپا قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى

خەلق قوراللىق كۈچلىرىنى ئۆلغايتىپ، ستراتېگىيە جەھەتتە ئۇدۇل تەرەپتىكى دوست ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا ماسلىششتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشنى قارار قىلدى. جۇڭگو كومپارتىيە-سىنىڭ بۇ ئۇلۇغ تەدبىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا، دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ستراتېگىيىلىك ۋەزىيەتنى ناھايىتى تېزدىن ئۆزگەرتتى، شۇنداقلا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلبە قازىنىش ئىستىقبالىنى بەلگىلىدى.

تەبىيۈەن قولدىن كېتىشتىن بۇرۇن، 8-ئارمىيە ئاساسەن جەنۇبىي جەھەتتە گومىنداڭ ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاز بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئاممىنى قوراللىنىشقا ھەرىكەتلەندۈرەتتى ۋە تەشكىللەيتتى. پىڭشىڭگۈەندە بولغان تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ زور غەلبىسى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن جۇڭگو ئارمىيىسى ئېرىشكەن تۇنجى زور غەلبە بولۇپ، ئۇ ئاتالمىش ”ياپون خان ئارمىيىسى يېڭىلمەستۇر“ دېيىدىغان ئەپسانىنى بۇزۇپ تاشلاپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلبىسىگە بولغان ئىشەنچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى، كومپارتىيە ۋە 8-ئارمىيىنىڭ ئابرويىنى ئۆستۈردى. تەبىيۈەن قولدىن كەتكەندىن كېيىن، شىمالىي جۇڭگودىكى گومىنداڭنى ئاساس قىلغان مۇنتىزىم ئۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلىشىپ، كومپارتىيىنى ئاساس قىلغان پارتىزان ئۇرۇشى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتتى. ياپون ئارمىيىسىنىڭ ستراتېگىيىلىك ھۇجۇمىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قەدەممۇقەدەم چېكىنى-شى ئارقىسىدا، 8-ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچى ئۇرۇشتىكى پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تېزلىك ھەم يۇرەكلىك بىلەن دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ستراتېگىيىلىك يېيىلىش ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنى چوڭقۇر ھەرىكەتلەندۈرۈپ، پارتىزان ئۇرۇشنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلارنى بەرپا قىلدى. 1938-يىل 4-ئايغىچە 8-ئارمىيە شىمالىي جۇڭگودا ئارقا-ئارقىدىن سەنشى-چاخار-خېبېي، غەربىي شىمالىي شەنشى، سەنشى-خېبېي-خېنەن قاتارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلارنى بەرپا قىلدى. ئارقىدىنلا ئەسكىرىي كۈچىنى خېبېي، شەندۇڭ، خېنەن تۈزلەڭلىكى ۋە چاخار، سۈيۈەن كەڭ رايونلىرىغا تارقىتىپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ئۇرۇش مەيدانىنى تېزلىكتە پۈتۈن شىمالىي جۇڭگو رايونىغىچە كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى 4-ئارمىيمۇ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇب-شىماللىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئوتتۇرا جۇڭگودا دۈشمەن ئارقا سېپى ئۇرۇش مەيدانىنى ئاچتى. 1938-يىل 10-ئايغىچە، كەڭ شىمالىي جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا جۇڭگو دۈشمەن ئارقا سېپى ئۇرۇش مەيدانلىرى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ بولدى. پۈتكۈل ستراتېگىيىلىك مۇداپىئە باسقۇچىدا 8-ئارمىيە بىلەن يېڭى 4-ئارمىيە جەمئىي مىڭ قېتىملاپ ئۇرۇش قىلىپ، نەچچە ئون مىڭ دۈشمەننى يوقىتىپ، زور كۆلەمدىكى زېمىنىمىزنى قايتۇرۇۋالدى، دۈشمەن ئارقا سېپىدە كەڭ ئۇرۇش مەيدانلىرىنى ئېچىپ، زور مىقداردىكى ياپون ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، دوست ئارمىيىمىزنىڭ ئۇدۇل تەرەپتىكى ئۇرۇش مەيدانىدا ئۇرۇش قىلىشىغا كۈچلۈك

ياردەم بەردى، ئارمىيەمىزنىڭ ئادەم سانىمۇ ئەسكەر چىقارغان چاغدىكى 50 نەچچە مىڭدىن كۆپىيىپ 180 مىڭدىن ئاشتى. ياپون ئارمىيىسى گۇاڭجۇ، ۋۇخەنلەرنى ئىگەللىۋالغاندىن كېيىن، ئۇدۇل تەرەپتىكى ئۇرۇش مەيدانىغا بولغان ستراتېگىيىلىك ھۇجۇمنى توختىتىپ، "تېز ئۇرۇش قىلىپ تېز ھەل قىلىش"تىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېننى تاشلاپ، ئىگەللىۋالغان رايونلىرىنى مۇستەھكەملەشنى ئاساس قىلىش فاڭجېننى قوللىنىپ، ئەسكىرىي كۈچىنى شەھەر ۋە ئاساسلىق قاتناش لىنىيىلىرىگە چېچىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى، بۇ — ستراتېگىيىلىك تىركىشىش باسقۇچىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تېزلىتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى. خۇددى باش قوماندان جۇ دې ئېيتقاندەك، "ئەگەر 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيىنىڭ دۈشمەنگە قاراتقان قايتۇرما ھۇجۇمى بولمىغان بولسا، ستراتېگىيىلىك تىركىشىش باسقۇچىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى". («جۇ دې تاللانما ئەسەرلىرى»، 139-بەت)

دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدىكى ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن، ئارمىيىمىز ئۆز ئالدىغا ئۇرۇش قىلىدىغان ستراتېگىيىلىك ھالەت شەكىللىنىپ، دۈشمەننىڭ ئۇرۇش قىلىشتىكى ئالدىنقى سەپ بىلەن ئارقا سەپلىرىنىڭ ئايرىمىسى بۇزۇلۇپ تاشلاندى، ستراتېگىيىلىك ئىچكى سەپ ستراتېگىيىلىك تاشقى سەپكە، پاسسىپلىق تەشەببۇسكارلىققا، ستراتېگىيىلىك قورشىۋېلىنىش ستراتېگىيىلىك قارشى قورشىۋېلىشقا ئايلاندى. دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدىكى ئۇرۇش مەيدانى بىلەن ئۇدۇل تەرەپتىكى ئۇرۇش مەيدانىنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇشىدەك ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرما دۈشمەنگە ئىككى تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىدىغان پايدىلىق ستراتېگىيىلىك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ستراتېگىيىلىك تىركىشىش باسقۇنچىغا كىرگەندىن كېيىن، ياپون ئارمىيىسى ئاساسىي ئەسكىرىي كۈچىنى قەدەممۇقەدەم دۈشمەن ئارقا سېپى ئۇرۇش مەيدانىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيە ۋە خەلققە تاقابىل تۇرۇشقا يۆتكەپ، گومىنداڭغا قارىتا سىياسىي جەھەتتىن تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇشنى ئاساس، ھەربىي جەھەتتىن زەربە بېرىشنى قوشۇمچە قىلىش سىياسىتىنى قوللاندى. گومىنداڭمۇ ئارقىغا چېكىنىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا بىر قەدەر ئاكتىپ قارشى تۇرۇشتىن پاسسىپ قارشى تۇرۇشقا، جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىن ئاكتىپ ھالدا كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇشقا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئېغىر يۈكى تارىخىي يوسۇندا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. ئىنتايىن قىيىن، مۇرەككەپ شارائىتتا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى قورقماي، تايانچ بازىلاردىكى خەلققە قەتئىي تايىنىپ، كەڭ كۆلەمدە پارتىزان ئۇرۇشى ۋە پايدىلىق شارائىتتىكى ھەرىكەتچان ئۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، ياپون ئارمىيىسى ۋە قورچاق ئارمىيىنى كۆپلەپ يوقىتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈچلەرنى زورايتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك تايانچ بازىلارنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ ۋە مۇستەھكەملەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش

مەيداندىكى دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىز ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى ئۆزگەرتىپ، جاھىللارنىڭ تەسلىم بولۇش سۇيىقەستىنى تارمار قىلىپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ جۇڭگو خەلقىغە پايدىلىق تەرەپكە بۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. پۈتكۈل ستراتېگىيىلىك تىركىشىش باسقۇچىدا دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ئارمىيە ۋە خەلق جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياپون ئارمىيىسىنىڭ (گومىنداڭ ئارمىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) 62 پىرسەنتتىن 75 پىرسەنتكىچە بولغان ئەسكىرىي كۈچىگە ۋە بارلىق قورچاق ئارمىيىگە دېگۈدەك تاقابىل تۇردى. ھالبۇكى، ياپون ئارمىيىسى بۇ مەزگىلدە گومىنداڭنىڭ ئۇدۇل تەرەپتىكى ئۇرۇش مەيدانىغا ئۇن نەچچە قېتىملا كۆلىمى چوڭراق ھۇجۇم قىلدى، قالغان ۋاقىتتا ئاساسەن يېرىم ئۇرۇش توختىتىش ھالىتىدە تۇردى. قىلچە شەك-شۈبھە يوقكى، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ئۇرۇش مەيدانلىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىلىك تىركىشىش باسقۇچىدا باشتىن-ئاخىر مەملىكەت دائىرىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ئۇرۇش مەيدانى بولدى.

دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلارنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، راۋاجلىنىشى ئىنتايىن مۇشكۇل بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتتى. 1940-يىل 8-ئايدا 8-ئارمىيە شىمالىي جۇڭگو دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ئۇرۇش مەيدانىدا ئۈچ يېرىم ئاي داۋام قىلغان مەشھۇر يۈز تۇەن قوشۇنلۇق ئۇرۇشنى قوزغاپ، 40 مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقىتىپ، ياپون ئارمىيىسى ۋە قورچاق ئارمىيىگە قاتتىق زەربە بەردى. ياپون ئارمىيىسى مۇشۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ جۇڭگو ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئاساسلىق رەقىبى گومىنداڭ ۋە ئۇنىڭ ئارمىيىسى بولماستىن، بەلكى كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈچلەر ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يەتتى. ياپون ئارمىيىسى ئۆزلىرى بېسىۋالغان رايونلارنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، توسقۇنسىز ھالدا جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى قوزغاش ھەمدە ئۆز ئىشغالىيىتىدىكى رايونلارنى تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنىڭ ئارقا سەپ بازىسى قىلىش ئۈچۈن، 1941-يىلدىن باشلاپ، كۈچىنى تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيە ۋە خەلققە زەربە بەردى، ئۇلار ئاتالمىش ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىشپىيونلۇق جەھەتلەردىن "ئومۇمىي كۈچ ئۇرۇشى" ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى (گومىنداڭ ئارمىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)نىڭ 75 پىرسەنتىنى ۋە بارلىق قورچاق ئارمىيىنى ئىشقا سېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلارغا قارىتا زور كۆلەمدە، ئارقا-ئارقىدىن "تازىلاش"، "يېزا-كەنتلەرنى تازىلاش"، "پىلە قۇرتىدەك يېيىش" ۋە "ئامانلىقنى كۈچەيتىش ھەرىكىتى"نى ئېلىپ بېرىپ، دەھشەتلىك "ئۈچ تۈگىتىش" سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئادەمسىز رايونلارنى بەرپا قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلارنى ئۈزۈل-كېسىل بىتچىت قىلىۋەتمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭ جاھىللىرى ئىككىنچى قېتىملىق كومپارتىيىگە قارشى دولقۇننى قوزغىدى

ھەمدە كومپارتىيىگە قارشى كۆپ قېتىم ھەربىي سۈركىلىش پەيدا قىلدى. ياپون ئارمىيىسى بىلەن جاھىللار ئارمىيىسىنىڭ ئىككى تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىشى ۋە ئېغىر تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. تايانچ بازىلاردىكى ئاھالە 100 مىليوندىن ئازىيىپ 50 مىليونغىمۇ يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى، قوشۇن 500 نەچچە مىڭدىن 400 نەچچە مىڭغا چۈشۈپ قالدى، تايانچ بازىلارنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمى ئازىيىپ كەتتى. ئېغىر قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئالغا سۈرۈش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلارنى مۇستەھكەملەش پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ئىدى. دەھشەتلىك كۈرەش شارائىتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، جۇڭگو كومپارتىيىسى ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىدىيە-مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە دەل ۋاقتىدا سىياسەت بەلگىلەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلاردا پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى يولغا قويۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ بىر پۈتۈن كۈچىنى ۋە خەلق ئۇرۇشىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەربىي كۈرەشنى مەركەز قىلىپ، دۈشمەنگە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك كۈرەشنى قانات يايدۇردى. ھەربىي جەھەتتە، دۈشمەن ئېلىپ بارغان تورسىمان ”تازىلاش“، ”يېزا-كەنتلەرنى تازىلاش“قا قارىتا دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ئارمىيە ۋە خەلقىمىز ”دۈشمەن ئىلگىرىلىسە بىزمۇ ئىلگىرىلەيمىز“ دېگەن فاكچىنى قوللىنىپ، مىنا ئۇرۇشى، لەخمە ئۇرۇشى، قۇچقاچ ئۇرۇشى، سۇ ئۈستىدىكى پارتىزان ئۇرۇشى قاتارلىق كۈرەش شەكىللىرى بىلەن دۈشمەننى كۆپلەپ يوقاتتى ۋە ئىسكەنجىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ھەم ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، ئۆسۈمنى كېمەيتىش، ھەم ئىجارە ھەققىنى تاپشۇرۇش، ئۆسۈمنى تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت يەر سىياستىنى يولغا قويۇپ، تايانچ بازىلاردىكى ھەرقايسى تەبىقە خەلقلىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئاكتىپلىقى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنى مۇستەھكەملىدى ۋە راۋاجلاندۇردى؛ ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەتلەردە ”ئۈچ ئۈچتىن بىر تۈزۈمى“ سىياستىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، پرولېتارىياتقا ۋە كەمبەغەل دېھقانلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كومپارتىيە ئەزالىرى، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سول قانات ئىلغارلار شۇنىڭدەك ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ۋە تەرەققىيپەرۋەر مۆتىۋەرلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئوتتۇرىدىكىلەردىن بولۇپ ئۈچتىن بىر نىسبەتتە ئورتاق ھاكىمىيەت تەشكىللىدى، شۇ ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سىنىپلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، ھەرقايسى سىنىپ، تەبىقىلەرنىڭ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتتى؛ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ”قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچام قىلىش“ سىياستىنى يولغا قويۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئورگانلارنى تېخىمۇ سەرخىللاشتۇردى، پارتىزان ئۇرۇشى شارائىتىغا تېخىمۇ ماسلاشتۇردى؛ ئاساسىي ئارمىيىنى يەرلىكلەشتۈرۈش، ئاممىۋىلاشتۇرۇش ئارقىلىق، يەرلىك ئارمىيە ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي

ئارمىيە، يەرلىك ئارمىيە ۋە خەلق ئەسكەرلىرى بىرلەشكەن قوراللىق كۈچ تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، كەڭ كۆلەملىك، ئاممىۋى خاراكتېرلىك پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا قارىتا، ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن "ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ، كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈكنى ھەل قىلىش" دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلاردىكى ئارمىيە ۋە خەلق جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇ شوئارىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى، شۇ ئارقىلىق ماددىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى بارا-بارا يېڭىپ، ياپون ئارمىيىسى ۋە جاھىللار ئارمىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي قامالىنى بۇزۇپ تاشلاپ، خەلقنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتتى؛ ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇردى. پارتىيىمىز يەنە مەشھۇر يەنئەن ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىدىيىۋى لۇشيەننى توغرىلاپ، تەشكىلاتنى مۇستەھكەملەپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. پارتىيىنىڭ ھەرقايسى مۇھىم سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە يولغا قويۇلۇشى چېكىدىن ئاشقان قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئويناپلا قالماي، بەلكى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مەنىۋى ۋە ماددىي ئاساس سېلىپ بەردى.

دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ مىسلىسىز مۇشەققەتلىك كۈرەشلىرىنى ئېلىپ بېرىشى ئارقىسىدا، 1943-يىلى دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلار ئەسلىگە كېلىپ، قايتا راۋاجلىنىش باسقۇچىغا كىردى. سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن رايونلىرىدىكى 8-ئارمىيە قوزغىغان ۋېينەن، لىننەن ئۇرۇشلىرىنى باشلىنىش قىلىپ، بىر قەدەر زور ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ ياپون ئارمىيىسى ۋە قورچاق ئارمىيىگە ھۇجۇم ئۇرۇشى قىلىشقا باشلىدى ھەمدە قەدەممۇقەدەم پارتىزان ئۇرۇشىدىن مۇنتىزىم ئۇرۇشقا ئۆتۈشتەك ھەربىي ستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇشنى يولغا قويدى. ئارقىدىنلا 1944-يىلى باھاردا قىسمەن دائىرىلىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. 1945-يىلى يازغا كەلگەندە دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيە ۋە خەلق ئىلگىر-كېيىن بولۇپ بەش قېتىم كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم ئۇرۇشى قىلىپ، ئازاد رايونلارنى شىددەت بىلەن كېڭەيتىپ، قولدىن كەتكەن رايونلارنى تارايتىپ، ياپون ئارمىيىسىنى كۆپلەپ ئىسكەنجىگە ئالدى ۋە خوراتتى، ياپون ئارمىيىسىنى چوڭ-ئوتتۇرا شەھەرلەر ۋە قاتناش تۈگۈنلىرىگە قىستاپ كېلىپ، ئومۇميۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە شارائىت ھازىرلىدى ھەم ستراتېگىيە جەھەتتىن تىنچ ئوكيان ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئىتتىپاقچى ئارمىيىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ياردەم بەردى.

مەملىكەت بويىچە چوڭ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋە تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغان دۈشمەننى يوقىتىش جەريانىدىكى ئۇرۇشلاردا، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيە ۋە خەلق يەنە ياپون ئارمىيىسى ۋە قورچاق ئارمىيىدىن 400 مىڭغا يېقىن ئادەمنى يوقىتىپ، ئوتتۇرا، كىچىك شەھەردىن 250 نەچچىسىنى قايتۇرۇۋالدى، شىمالىي جۇڭگو، ئوتتۇرا جۇڭگو ۋە جەنۇبىي جۇڭگودىكى كەڭ زېمىننى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە سوۋېت ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ پۈتكۈل شەرقىي شىمالنى ئازاد قىلدى. دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ئۇرۇش مەيدانلىرىنىڭ پۈت دەسسەپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئاخىرلىشىشىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش — بىر مەيدان ئۇلۇغ مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىدىن ئىبارەت. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى جۇڭگو مىللىي ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى جەريانىدا، مىللىي ئىنقىلاب ۋە دېموكراتىك ئىنقىلابنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دېموكراتىك ئىنقىلاب ئارقىلىق ئاممىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە تەشكىللەپ، ئاممىغا تايىنىپ خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان بولغاچقا، تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايدىغان قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك تايانچ بازىلارنى مۇستەھكەملىدى ۋە راۋاجلاندۇردى ھەمدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە يېڭى ئۈمىد ۋە يورۇقلۇقنى ئېلىپ كەلدى. پۈتكۈل ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيە ۋە خەلق ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شىمالىي جۇڭگو، ئوتتۇرا جۇڭگو ۋە جەنۇبىي جۇڭگودىكى 19 ئۆلكە ۋە رايوندا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى 19 تايانچ بازىنى قۇردى، ئۇنىڭ يەر كۆلىمى بىر مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشتى، ئاھالىسى تەخمىنەن 120 مىليونغا يەتتى؛ 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيە قاتارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئاساسىي قىسىملىرىنىڭ ئادەم سانى كۆپىيىپ 1 مىليون 200 مىڭدىن ئاشتى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سانى كۆپىيىپ 2 مىليون 600 مىڭدىن ئاشتى. دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيە ۋە خەلق جەمئىي 125 مىڭ قېتىمدىن كۆپرەك ئۇرۇش قىلىپ، ياپون ئارمىيىسى ۋە قورچاق ئارمىيىنىڭ 1 مىليون 700 مىڭدىن كۆپرەك ئادىمىنى يوقاتتى. بۇ — جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشىدىكى بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى بولۇپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ھەتتا پۈتكۈل دۇنيا ئۇرۇش تارىخىدا كەمدىن كەم كۆرۈلىدىغان ئىجادىيەتتۇر. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تارىخىي كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى دۈشمەن ئارقا سېپى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىسىدىكى ئارمىيە ۋە خەلق پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى مۇستەھكەم تۈۋرۈكىدۇر. جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى دۈشمەن ئارقا سېپى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىسىدىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ قەھرىمانلىق كۈرىشى بولمىغان بولسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئومۇميۈز-

لوك، ئۆزئۆل-كېسىل غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى.

**4. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى تارىخىي تەجرىبە — يېڭى تارىخىي شارائىتتا دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئۇيۇشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى غايەت زور مەنىۋى بايلىقتۇر.**

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۇستۇقەكلىرى بېسىلغىنىغا يېرىم ئەسىر بولدى، دۇنيا ۋەزىيىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. لېكىن بۇ مىسلىسىز مۇشەققەتلىك ئۇرۇشتىن بارلىققا كەلگەن تارىخىي تەجرىبىلەر تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن 21-ئەسىرگە قەدەم قويۇۋاتقان جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن يەنىلا چوڭقۇر ئىلھاملاندۇرۇش رولىغا ئىگە.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تارىخى شۇنى چۈشەندۈردىكى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر-نىڭ ئىتتىپاقلىقى جۇڭگودا مىللەتلىرىنىڭ دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا پۇت دەسسەپ تۇرۇشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. بۆلگۈنچىلىكتىن دۆلەت خارابلىشىدۇ، بىرلىكتىن مىللەت روناق تاپىدۇ. ئەينى يىللاردا جياڭ جېيشى "تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەملىكەت ئىچىنى تىنچلاندۇرۇش كېرەك" دەيدىغان ئىچكى ئۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقى ئۈچۈنلا ئاچ كۆزلۈكى تۇتۇپ كەتكەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرى يوچۇقتىن پايدىلىنىپ تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، جۇڭگو كومپارتىيىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى ئۈچۈنلا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىردەك قاتناشقان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قوزغاشقا ئىمكانىيەت يارىتىلدى. گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ھەمكارلىشىپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ، پۈتۈن مىللەت ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەككىز يىل قانلىق ئۇرۇش قىلىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇب قىلدى، قانچىلىغان جۇڭخۇا پەرزەنتلىرى بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدۇ! ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىققان تەيۋەن بۈگۈنگە قەدەر يەنىلا چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن ئايرىلىپ تۇرماقتا. خەلقئارادىكى بەزى كىشىلەرمۇ جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىپ قۇدرەت تېپىپ كېتىشىنى كۆرەلمەي، ھەمىشە تەيۋەن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆزى پايدا ئېلىشنى ئويلايدۇ. تارىخىي ساۋاقلارنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئەتى ئۈچۈن، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى جۇڭخۇا ئوغۇل-قىزلىرى ئوخشاش پىكىرلەردە بىرلىككە كېلىپ، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەردە ئۆز قاراشلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىپ، "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" ئاساسىدا بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ 3-قېتىملىق ھەمكارلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋەتەننى بىرلىككە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇنداپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يالتىراپ تۇرىدىغان شانلىق يېڭى سەھىپىسىنى يېزىپ چىقىشىمىز لازىم.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تارىخىي شۇنى چۈشەندۈردىكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك مەڭگۈ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈكى ۋە كۈچ-قۇۋۋەت مەنبەسىدۇر. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، جۇڭگو بىر ئاجىز دۆلەت تۇرۇپمۇ كۈچلۈك تاجاۋۇزچى كۈچلەرنى مەغلۇب قىلىپ غەلىبە قازىنالىشىدىكى ئاچقۇچلۇق ئامىل شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغى ئاستىدا مىليونلىغان-ئون مىليونلىغان پۇقرالار سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، تەشكىللىنىپ ۋە قوراللاندۇرۇلۇپ، دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇپ، قان تۆكۈپ قۇربان بېرىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ، ئۇلارنى خەلق ئۇرۇشىنىڭ پايانسىز دېڭىزىغا غەرق قىلدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىنتايىن زور ئۇيۇشۇش كۈچىمىز ۋە جەلپ قىلىش كۈچىمىز بولدى، دۈشمىنىمىز بىلەن ئاخىرغىچە قانلىق جەڭ قىلىدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتىمىز ۋە ئۆز كۈچىمىزگە تايانغان ئاساستا قولدىن كەتكەن زېمىنىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش ئىرادىمىز بولدى. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزمنىڭ نىشانى جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش ۋە قۇدرەت تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. بىز ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ۋە بارلىق ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەرنى يەنىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئالغا ئىلگىرىلىتىشىمىز لازىم.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تارىخىي شۇنى چۈشەندۈردىكى، ئارقىدا قالساق بوزەك قىلىنىمىز. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن تارتىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقىچە بولغان 100 يىل ئىچىدە دۇنيادىكى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان ۋە جۇڭگونى بوزەك قىلغان. بولۇپمۇ ياپون مىلىتارىستلىرى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىك بىلەن ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلدى، ئۇلارنىڭ جۇڭگودا ئۆتكۈزگەن غايەت زور جىنايەتلىرى ھەددى-ھېسابسىز. بۇ ، بىر تەرەپتىن كونا جۇڭگونىڭ سىياسىي جەھەتتە چىرىكلىشىپ زاۋالغا يۈز تۇتقانلىقىدىن بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كونا جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە بەكمۇ نامراتلىقى، بەكمۇ ئاجىزلىقىدىن بولغان. شۇڭا سانسىزلىغان ئىرادىلىك ۋە غايىلىك كىشىلەر ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە ئىنتىلگەن. يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن جۇڭگو خەلقى ئورنىدىن دەس تۇردى، ئەمما جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تېز يۈكسىلىشى ئۈچۈن بىزنىڭ يەنە ئۇزاققىچە جاپالىق تىرىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۆتكەنكىنى ئۇنۇتماي، كېيىنكىگە ساۋاق قىلىش لازىم. تارىخىي پاجىئەنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن

ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، پەن-تېخنىكىنى گۈللەندۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. 21-ئەسىر پەن-تېخنىكا ۋە دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى جەھەتتە رىقابەتلىشىدىغان ئەسىر. بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنى باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، نەچچە ئەۋلاد جۇڭخۇا مىللەتلىرى تەلپۈنگەن ۋە ئىنتىلگەن ئۇلۇغ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز، جۇڭگونى ھەقىقىي تۈردە دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغدايدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تارىخى شۇنى چۈشەندۇردىكى، بىرەر دۆلەت، بىرەر مىللەت ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى، ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغدىماقچى بولىدىكەن، ئارمىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كۈچلۈك دۆلەت مۇداپىئەسىنى بەرپا قىلىشى كېرەك. دۆلەت مۇداپىئەسىز بولسا، ئوغرىنى ئۆيگە باشلىغان بىلەن باراۋەر. ماۋ زېدۇڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا، خەلقنىڭ ئارمىيىسى بولمىسا، خەلقنىڭ ھېچ نەرسىسى بولمايدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ، قانلىق ساۋاق بەدىلىگە كەلگەن ھەقىقەت. ئارمىيىمىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، رەئىس جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان "سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك بولۇش، ھەربىي جەھەتتە قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇش، ئىستىلى ئىسىل بولۇش، قاتتىق ئىنتىزامچان بولۇش، كۈچلۈك كاپالەت بولۇش" دېگەن ئومۇمىي تەلەپ بويىچە يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ستراتېگىيىلىك فاڭجېننى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سۈپەت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى بىخەتەرلىك جەھەتتىن كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تارىخى شۇنى چۈشەندۇردىكى، ئارمىيىدە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئارمىيىمىزنىڭ توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا بېسىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، پارتىيىمىز بىرلىك سەپ ئىچىدىكى مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ توسقۇنلۇقىنى سۆكۈپ تاشلاپ، 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيە قاتارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈچلەرگە ئېغىشماي رەھبەرلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئارمىيىمىز خەلق ئارمىيىسىنىڭ خىسلىتىنى ساقلاپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بۈگۈنكى كۈندە، گەرچە ئارمىيىمىز تۇرۇۋاتقان تارىخىي شارائىتتا ۋە زىممىسىگە ئالغان ۋەزىپىلەردە تۈپ ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، ئارمىيىمىزنىڭ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئارمىيىسى بولۇش خاراكتېرىدە ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. بىز ھەرقانداق ۋاقىتتا پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كوللېكتىپىنىڭ ئابرويىنى قەتئىي قوغداپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى-نىڭ قوماندانلىقىغا قەتئىي بويسۇنۇپ، تۆرلۈك ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇنداپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئارمىيىمىزدىن كۈتكەن زور ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقىمىز لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ياسىن مۇھەممەت**

**ئادالەت مۇھەممەت**

**ئەخمەتجان ھوشۇر**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ شىزاڭدىكى شانلىق ئەمەلىيىتى

— شىزاڭ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

**يىن چىڭيەن**

بۇ يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىغا 30 يىل بولدى. 30 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى شىزاڭنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، شىزاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قىياپىتىدە تارىخىي خاراكتېرلىك چوڭقۇر ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. شىزاڭدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىشى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

**1. تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ۋە گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشتۇق.**

ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى مىللىي رايونلارنىڭ، مىللىي خىزمەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى. 50-يىللاردىلا دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى: ”مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرمىسەك، ئاپتونومىيە دېگىنىمىزمۇ قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 1-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 386-بەت) پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇ يەنە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىملىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. دېڭ شياۋپىڭ شىزاڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگراما خاراكتېرلىك ھۆججەت — «مەۋقەنى مىللىي باراۋەرلىك ئۈستىگە قويۇپ، شىزاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتەيلى» دېگەن ھۆججەتتە يەنىمۇ كونكرېت قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىزاڭ خىزمىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ”قانداق قىلغاندا شىزاڭ خەلقى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىلىدىغانلىقىغا، قانداق قىلغاندا شىزاڭنى تېز تەرەققىي تاپقۇزۇپ، جۇڭگونىڭ تۆتنى زامانىۋى-

www.uyghurkitap.com

لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامدا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزگىلى بولىدىغانلىقىغا قاراش — بۇنىڭ ئاچقۇچى" («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 510-بەت) يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ بايانلىرى شىزاڭدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى تۈپ ئاساسىدىن كۆرسىتىپ بەردى.

شىزاڭ ئاپتونوم رايونى فېئوداللىق يانچىلىق جەمئىيىتىنىڭ خارابىسىدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغان بولغاچقا، تارىختا شەكىللەنگەن غايەت زور پەرق شىزاڭنىڭ زامانىۋىلىشىش جەريانىدىكى "كافتىنىڭ جىلغىسى" بولۇپ قېلىپ، ئىقتىسادنىڭ قالاقلىقى بىر قاتار قالاقلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ ئۈچۈن شىزاڭدا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ يالغۇز ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شىزاڭ جەمئىيىتىنى ئەبەدىي ئامان قىلىش، مۇقىملىقنى ساقلاشنىڭمۇ ئاساسى، ئۇ شىزاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسىدۇر. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بولۇپمۇ 1980-يىلى مەركەز چاقىرغان 1-قېتىملىق شىزاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەركەزنىڭ شىزاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، شىزاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، شىزاڭدا ھەم خەنزۇ رايونلىرىغا ئوخشاش بولمىغان، ھەم باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىن پەرقلىق بولغان ئۆزىنى ئوڭشۇۋېلىش، قويۇۋېتىش-جانلاندۇرۇش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي سىياسەتنى يولغا قويدى. مەسىلەن: بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە سودا-سانائەت بېجىنى ئالماسلىق؛ يەر، ئورمان، ئوتلاقلارنىڭ دۆلەت ئىگىدار-چىلىقىدا بولۇشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش شەرتى ئاستىدا، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا "يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئائىلىلەرگە بېرىش، ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش، ئۇزاققىچە ئۆزگەرتمەسلىك" سىياسىتىنى يولغا قويۇش، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا "ئات-ئۇلاقلارنى ئائىلىلەرگە بېرىش، شەخسىي ئىگىدارچىلىق قىلىش، شەخسىي بېقىش، ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش، ئۇزاققىچە ئۆزگەرتمەسلىك" سىياسىتىنى يولغا قويۇش؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇش بىلەن بىرگە، شەھەر-يېزا بازار سودىلىرىنى ئاكتىپ راۋاجلاندۇرۇش، كۆپ قاتلاملىق ئوبوروت يوللىرىنى ئېچىش؛ كارخانىلارغا قارىتا ھوقۇقنى چۈشۈرۈپ بېرىش، پايدىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش، ھۆددىگە بېرىش، ئىجارىگە بېرىش؛ ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، بېكىنمە ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، چەت ئەللەرگە ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرگە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، تاشقى ئىقتىسادىي، سودا ئالاقىلىرىنى ئاكتىپ راۋاجلاندۇرۇش، توغرا لىنىيىلىك ئالاقىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، چەتتىن مەبلەغ، ئىختىساسلىق خادىم، ئېخنىكا ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىش، ۋە باشقىلار. بۇ خەلقنى بېيىتىش سىياسەتلىرى كەڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ سەممىي ھىمايىسىگە ئېرىشتى. بۇ سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش ئارقىسىدا، شىزاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى داۋاملىق ئازاد بولۇپ ۋە راۋاجلىنىپ، خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي

جەھەتتىن يېڭى بىر بالداق كۆتۈرۈلدى. 1994-يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 4 مىليارد 230 مىليون يۈەن (شۇ يىلدىكى باھا بويىچە)گە يەتتى، سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىغاندا، 1980-يىلدىكىدىن %134.9، 1993-يىلدىكىدىن %8.6 ئاشتى.

قاتناش ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ جان تومۇرى. شىزاڭدا ئىلگىرى لاسادىكى داجاۋ ئىبادەتخانىسىدىن لوبۇلىنكاغىچە مەخسۇس دالاي لاما ئىشلىتىدىغان ماشىنا يولى بولغاندىن باشقا تۈزۈگرەك بىرەرمۇ تاشيول يوق ئىدى، ھازىر بولسا ئاپتونوم رايون بويىچە 210مىڭ كىلومېتىردىن ئۇزۇن تاشيول، 700 دىن ئارتۇق كۆۋرۈك سېلىنىپ، لاسانى مەركەز قىلغان ھالدا، 15 تال غول لىنىيە بىلەن 315 تال تارماق لىنىيىدىن تەركىب تاپقان تاشيول تورى شەكىللەندى، ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ۋە يېزىلارنىڭ 77 پىرسەنتىگە ماشىنا قاتنايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، لاسادىن چېڭدۇ، بېيجىڭ، چۇڭچىڭ قاتارلىق جايلارغا قاتنايدىغان ئىچكى ئۇچۇش لىنىيىلىرى ۋە لاسادىن نېپالنىڭ مەركىزى كاتماندۇغا قاتنايدىغان خەلقئارالىق ئۇچۇش لىنىيىسى ئېچىلدى.

يېزا ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى. كونا شىزاڭنىڭ دېھقانچىلىقى ۋە چارۋىچىلىقى ئىنتايىن ئارقىدا قالغانىدى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئىنتايىن ئاددىي ئىدى، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا يەر تېرىشتە ياغاچ ساپان، ياغاچ ئوتىغۇچ ئىشلىتىلەتتى، ئېلىنىدىغان مەھسۇلات مىقدارى ئۇرۇقنىڭ 5-4 ھەسسىسىگىلا تەڭ كېلەتتى. كالا، قويلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 50 پىرسەنت ۋە 30 پىرسەنتلا ئىدى، پۈتۈن شىزاڭنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئاران 150 مىليون كىلوگرام ئىدى. 80-يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە مالىيە چىقىمىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم قىلىنغان مەبلەغ مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 12.65 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. 1994-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 320 مىليون يۈەنگە يەتتى (1990-يىلدىكى مۇقىم باھا بويىچە)، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 640 مىليون كىلوگرامغا، قىچىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 29 مىليون 400 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋىچىلىقتىمۇ خېلى ياخشى ھوسۇل ئېلىندى. چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتى يىلدىن يىلغا ئېشىپ، 1994-يىلى 32 پىرسەنتكە يەتتى، بۇ ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئىككى پىرسەنت يۇقىرى بولدى.

زامانىۋى سانائەت يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بەلگىلىك سۈرئەتتە ئېشىپ تۇردى. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى شىزاڭدا سودىگەرلەر ئۈچ قاپ سەرەڭگىگە بىر تۇياق قوي تېگىشەتتى، زامانىۋى سانائەت دېگەندىن پەقەت سۆز ئاچقىلى بولمايتتى، ھازىر ئېلېكتر، توقۇمىچىلىق، خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ماشىنىسازلىق قاتارلىق زامانىۋى كارخانىلار بارلىققا كەلدى. 1994-يىلى ئاپتونوم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

رايون بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 535 مىليون يۈەن (1990-يىلدىكى مۇقىم باھا بويىچە) بولۇپ، 1980-يىلدىكىدىن 74.28%، 1993-يىلدىكىدىن 13.1% ئاشتى.

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شىزاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشى داۋاملىق ياخشىلانماقتا. ھازىر شەھەر-يېزا بازارلىرىدا تاۋارلار كەڭرى بولۇپ، ئېلىم-سېتىم ئىشلىرى جانلانماقتا. شىزاڭ جەمئىيىتى بويىچە تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 250 مىليون يۈەن بولۇپ، 1993-يىلدىكىدىن 14.68% ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 1983-يىلدىكى سېتىۋېلىنىش تاختاي باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندا 555 يۈەنگە يەتتى (ھازىرقى ئۇنىۋېرسال ئوتتۇرىچە باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 817 يۈەنگە يەتكەن بولىدۇ)، 1993-يىلدىكىدىن 6.5% ئاشتى. شەھەر-بازارلاردا ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرى يەنىمۇ كەڭ ئېچىلدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشى بىر قەدەر تېز بولدى. شىزاڭنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى گۈللەپ ياشناۋاتقان قىياپىتى بىلەن كونا شىزاڭنىڭ نامرات، قالاق بولغان خارابلىشىش مەنزىرىسى روشەن سېلىشتۇرما بولالايدۇ. شىزاڭنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ تېزلىتىش ئۈچۈن، 1994-يىلى مەركەز 3-قېتىملىق شىزاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە شىزاڭ ئىقتىسادىنىڭ 10% ئەتراپىدا ئېشىپ تۇرۇشىنى بەلگىلىدى. مۇشۇ تەرەققىيات سۈرئىتى بويىچە بولغاندا، 2000-يىلغا بارغاندا ئاپتونوم رايون بويىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 6 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1993-يىلدىكىنىڭ ئاساسىدا بىر قاتلايدۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسى ئاساسەن ئورۇندىلىپ، كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ھاللىق سەۋىيىگە يېتىدۇ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى خېلى زور ھەجىمدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، كېلەر ئەسىردە تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىنىدۇ.

**2. مۇقىملىقنى ساقلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدىدۇق.**

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە بىخەتەرلىكىنى باشتىن-ئاخىر بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك." (دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 725-بەت) شىزاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي جەنۇب چېگرا رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4000 كىلومېتىرگە يېقىن، يەر كۆلىمى 1 مىليون 200 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ تەخمىنەن پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ سەككىزدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، شىزاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي جەنۇب ۋە غەربىي شىمالىنى قوغداپ تۇرىدىغان تەبىئىي توسۇق؛ شىزاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىق رايونى بولۇپ، شىزاڭنىڭ مۇقىم بولۇشى ئۇنىڭغا قوشنا بولغان سىچۈەن، چىڭخەي، گەنسۇ، يۈننەندىن ئىبارەت تۆت ئۆلكىدىكى زاڭزۇ رايونلىرىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا

بۇۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭمۇ مۇقىم بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شىزاڭنىڭ مۇقىملىقى دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىغا چېتىلىدۇ. شىزاڭنىڭ بىخەتەرلىكى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە چېتىلىدۇ. شىزاڭ خىزمىتىگە ستراتېگىيىلىك ئومۇمىي ۋەزىيەت يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ قاراش لازىم.

دۇنيا كۆپ قۇتۇپلىشىش ئەندىزىسىگە قاراپ ئۆزگىرىۋاتقان جەرياندا، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا مىللىي، دىنىي زىددىيەت گەۋدىلىنىپ چىقماقتا. مىللەتپەرۋەرلىك ئېقىمىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئارقىسىدا، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر مىللىي تالاش-تارتىش ۋە دىنىي زىددىيەتلەرنىڭ مىللەت كۆپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاھا كۆپ دۆلەتلەرگە ياكى رايونلارغا يوشۇرۇن تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇلار پۈتۈن ئوي-پىكرىنى ئىشقا سېلىپ، مىللىي ۋە دىنىي مەسىلىلەرنى دۆلىتىمىزنى ”غەربچىلەشتۈرۈش“ ۋە ”بۆلۈۋې- تىش“تىكى بۆسۈش ئېغىزى قىلىۋېلىپ، ئاتالمىش شىزاڭ مەسىلىسىنى بىزگە تاقابىل تۇرۇشتىكى بىر قىشقا دەپ قاراپ، ستراتېگىيە جەھەتتىن جۇڭگونى بېسىپ، جۇڭگونى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىمىزغا كاشىلا سېلىشقا، خەلقئارادىكى ئابرويىمىزغا دەخلى يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنماقتا. خەلقئارادىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، دالاي گۇرۇھى ھەددىدىن ئاشقان ھالدا ”شىزاڭنى مۇستەقىل قىلىش“ ھەركىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى قۇترىتىپ ئارقا-ئارقىدىن توپىلاڭ قوزغىدى.

يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىزنىڭ دالاي گۇرۇھى بىلەن بولغان ئىختىلاپىمىز دىنغا ئېتىقاد قىلىش-ئېتىقاد قىلماسلىق، ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش-يولغا قويماسلىق مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدۇر.(«خەلق گېزىتى»نىڭ 1994-يىل 7-ئاينىڭ 27-كۈندىكى سانىنىڭ 1-بېتىدىن ئېلىندى) بىز بۈگۈنكى كۈندە قانات يايدۇرۇۋاتقان بۆلگۈن- چىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئەمەلىيەتتە جۇڭگو خەلقىنىڭ يۈز يىلدىن بۇيان كاپىتالىزم، جاھانگىرلىك تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنىڭ جۇڭگونى بۆلۈۋېتىش سۇيىقەستىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ داۋامىدۇر. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، بايرىقى روشەن ھالدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى.

ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇردۇق. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەن: ”جۇڭگونىڭ مەسىلىسىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغىنى مۇقىملىقنىڭ بولۇشى، دېدىم. مۇقىملىققا دەخلى قىلغانلىكى كىشىلەرگە تاقابىل تۇرۇش كېرەككى، يول قويۇشقا، مادارا قىلىشقا بولمايدۇ.“(«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 589-بەت) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش،

ئىشكى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشنى تەكىتلەش بىلەن بىللە، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشقا قىلچىمۇ سەل قارىماستىن، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى باشتىن-ئاخىر مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە قويۇپ كەلدى. ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز تارمىقىنىڭ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى يېڭى ئەھۋاللارنى، يېڭى مەسىلىلەرنى دائىم تەھلىل قىلىپ، بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى دائىم تەتقىق قىلىپ، كۈرەشتىكى تەشەببۇسكارلىقنى مەھكەم ئىگىلەپ تۇردى. مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولسۇن، مەيلى شەھەر ياكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بولسۇن، بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ۋەقە تۇغدۇرۇشنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى بايقىۋالسىلا، قەتئىي زەربە بەردى، يۇمشاق قوللۇق قىلىپ، يامانىنى رايىغا قويۇپ بېرىدىغان ئىشلار زادىلا بولمىدى. بۇ يىلنى ئالساق، دالاي گۇرۇھىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىغان "شىزاڭغا تىنچ يول بىلەن يۈرۈش قىلىش" پىلانىنى مەغلۇب قىلىپ، دالاينىڭ بەنچەن روھىنىڭ قايتا تۆرىلىش خىزمىتىگە بولغان بۇزغۇنچىلىقىغا كۈچلۈك زەربە بەردۇق. قىسقىسى، ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيان، چىگىش-مۈرەككەپ ئەھۋال ئاستىدا، دالاي گۇرۇھىنىڭ ۋەتىنىمىزنى بۆلۈۋېتىش سۇيىقەستىنى تارمار قىلىپ، شىزاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئاساسەن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ قالدۇق.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى تىرىشىپ قوغدىدۇق. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ئۆز جايىنىڭ ۋە ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانىنى ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان كونكرېت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر يىلدا بىرنەچچە ئەمەلىي ئىش قىلىشتا چىڭ تۇردى ھەمدە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ جەھەتكە سېلىنىدىغان سېلىنمىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ماددىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى قىبلىنامە قىلىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەشنى نىشان قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ۋە ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشى توغرىسىدىكى تەربىيىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچە-لىككە، چېكىنىشكە قارشى تۇرۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان مىللىي سىياسەت تەربىيىسىنى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى، 3-قېتىملىق شىزاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 4-نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ 6-قېتىملىق كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئۆگىنىش ۋە تەربىيىنى كەڭ ھەم چوڭقۇر ئېلىپ باردۇق. تەربىيە ئارقىلىق، كەڭ ئاممىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە، چېكىنىشكە قارشى تۇرۇشتىكى ئاڭلىقلىقى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. يولداش دېڭ شىياۋپىڭ

مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بەزىلەر شىزاڭنى جۇڭگودىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىدىن پارچىلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، مېنىڭچە ئۇلارنىڭ شىزاڭنى ئايرىپ چىقىپ كەتكىدەك بىگىسى يوق.» («ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 1991-يىللىق 10-سانىنىڭ 6-بېتىدىن كۆچۈرۈپ ئېلىندى) تارىخمۇ، رېئاللىقمۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، شىزاڭنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىن پارچىلاپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنىدىغان سۇيىقەستلەرنىڭ ھەرقانداقى، ئۇنىڭغا قانداق كۈچلەرنىڭ مەدەت بېرىپ تۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇقەررەر ھالدا مەغلۇب بولىدۇ. شىزاڭدا، كىمكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ مۇقەررەر ھالدا شىزاڭ خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ.

**3. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇپ، زاڭزۇ خەلقىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈردۇق.**

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدىن پايدىلىنىپ مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي سىياسىتى، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا تۇرغۇزۇلغان بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي تۈزۈم. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مۇنداق ئىككى تەرەپتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىر تەرەپتىن، ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئاز سانلىق مىللەت خەلقى شۇ مىللىي ئاپتونوم جاينىڭ ئىشلىرىدا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولىدۇ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىزم يولىدا ماڭىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يۈرگۈزگەن جايلارنىڭ ھەممىسى ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، دۆلەت بىلەن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مۇناسىۋىتى مەركەز بىلەن جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ھەم زاڭزۇ خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ، ھەم ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ھەرقانداق شەكىلدە بۇزغۇنچىلىق سېلىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە مىللىي كەمسىتىش يوق، بىزنىڭ شىزاڭغا قارىتىلغان سىياسىتىمىزدە مۇقەررەر مىللىي باراۋەرلىك ئۈستىگە قويۇلغان.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 508-بەت)

ھەممىيلەنگە مەلۇمكى، دالاي ھۆكۈمرانلىقىدىكى كونا شىزاڭدا، كەڭ زاڭزۇ خەلقى ئەڭ ئاددىيسى ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ياشاش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە بولماي، ئىنتايىن نامرات ۋە ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى، سەرسان-سەرگەردانلىقتا سوغاقتىن توڭلاپ، ئاچلىقتىن ئۆلگەن ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كوچىنىڭ ھەممىلا جايلىرىدا ئۇچراتقىلى بولاتتى. بىر تېپىنمۇ يوق كەڭ يانچىلار ھەسرەت بىلەن: «ئېلىپ كېتىدىغىنىمىز پەقەتلا سايىمىز، قالدۇرىدىغىنىمىز پەقەتلا ئىزىمىز» دېيىشەتتى. 1951-يىلغا كەلگەندە،

www.uyghurkitap.com

شىزاڭلىقلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى پەقەت 36 ياشلا بولۇپ، ساۋاتسىز ۋە يېرىم ساۋاتسىزلار شىزاڭ ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن 95 پىرسەنتىنى ئىگەللەيتتى. پۈتۈن شىزاڭ بويىچە پەقەت ئىككى مىڭدىن ئارتۇق راھىپ ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەرزەنتلىرىلا ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان كونىچە مەكتەپ ۋە خۇسۇسىي مەكتەپلەر-دە ئوقۇيتتى. يانچىلار ۋە قۇللار ياشاش ئىستىكىدە ئازراقلا نارازىلىق بىلدۈرسە، قارشىلىق كۆرسەتسە ۋە قاچسا، يانچى ئىگىلىرىنىڭ قامچا ئۇرۇشىغا، ھەتتا كۆزىنى ئويۇۋېتىش، قۇلىقىنى كېسىۋېتىش، قولىنى چېپىۋېتىش، پۇتىنى چانىۋېتىش، تىزىنى ئۈزۈۋېتىش، پېيىنى سۇغۇرىۋېلىش قاتارلىق كىشىنى چۆچۈتىدىغان قاتتىق جازالارغا ئۇچرايتتى. كونا شىزاڭنى دۇنيا بويىچە كىشىلىك ھوقۇقىغا ئەڭ ئېغىر دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدىغان جايلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. شىزاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغان، بولۇپمۇ دېموكراتىك ئىسلاھات يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمىدىن سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت غايەت زور تارىخىي بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. شىزاڭ خەلقى ھېچقاچانمۇ بوگۈنكىدەك جىسمانىي ئەركىنلىك، سىياسىي ھوقۇق، ئىقتىسادىي تۇرمۇش، دىنىي ئېتىقاد، مەدەنىيەت-مائارىپ، مۇھىتنى ئاسراش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇنداق تولۇق ھەم كەڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ۋە ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ سۈپىتى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلانماقتا، پۈتۈن رايون بويىچە كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئىلگىرىكى 36 ياشتىن ئۆسۈپ 65 ياشقا يەتتى. پۈتۈن رايوندا ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەردىن 3300دىن ئارتۇقى بولۇپ، بۇنىڭدا 270 مىڭ ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىچكىرى جايلاردىكى 26 ئۆلكە، شەھەردە شىزاڭ ئوتتۇرا مەكتىپى، شىزاڭ سىنىپى ئېچىلىپ، ئوقۇغۇچى سانى 11 مىڭغا يەتتى. ئاساسىي قانۇننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، شىزاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بېرىلگەن ھوقۇقلارغا بىنائەن، 1965-يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندىن تا ھازىرغىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مەزمۇنى سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، مۇھىتنى ئاسراش، سەھىيە قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەرگە چېتىلىدىغان يۈزگە يېقىن يەرلىك قانۇن-تۈزۈم بېكىتىپ، شىزاڭ خەلقىنىڭ ھەر تۈرلۈك دېموكراتىك ھوقۇقلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن مۇھىم قانۇنىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى كۆپلەپ تەربىيىلەش ۋە ئىشلىتىش مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە-نى يولغا قويۇشتىكى زور ستراتېگىيىلىك تەدبىر. نۆۋەتتە رايونىمىزدا زاڭزۇ كادىرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئاساس قىلغان كادىرلار قوشۇنى شەكىللىنىپ، پۈتۈن رايون بويىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى جەمئىي 42 مىڭ 400دىن ئاشتى، بۇ پۈتۈن رايوندىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 70.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى، ھۆكۈمەتلەر، سىياسىي كېڭەش كومىتېتلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىكىنى زاڭزۇ كادىرلار ئۈستىگە ئالدى. زاڭزۇ كادىرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت

كادىرلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ 71.7 پىرسەنتىنى، ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ 65.3 پىرسەنتىنى، ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ 60.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىكلار قوشۇنىمۇ ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، نۆۋەتتىكى ئادەم سانى 20 مىڭدىن ئاشتى، بۇ پۈتۈن رايوندىكى پەن-تېخنىكا كادىرلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى يۇقىرى ئابرويغا ئىگە.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەت ۋە تىل-يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، مىللىي ئۆرپ-ئادەتكە ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى قايتا تەكىتلىدى؛ «شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ... تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش، قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمە (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» ئېلان قىلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك تەرجىمە ئورگانلىرى ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى، ھۆججەت، لوزۇنكا ۋە بەلگە قاتارلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ئاز سانلىق مىللەت ۋە خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىق قوللىنىلدى، قوش تىللىق ئوقۇتۇش ئۇچۇن ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش پىلانى يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەت تېبابەتچىلىكى ۋە ئاز سانلىق مىللەت دورىگەرلىكى تېز تەرەققىي قىلىپ، مېدىتسىنا، دورا ياساش، پەن تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل سىستېما دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى؛ مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىپ نەشر قىلىش ئىشلىرىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى بىردىنبىر توغرا يول بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىن دىلىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى. چېگرا سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەر گۇرۇھى بوگۇنكى شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئەمەلىيە-تىدىن كۆز يۇمۇپ، بەزى غەرب ئەللىرىدىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، ئاتالمىش "شىنجاڭدا كىشىلىك ھوقۇقى يوق"، "جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭلىقلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزدى" دېگەندەك پىتنە-پاساتلارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ئالدىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا دېگەندەك بىر ئىش ئىدى. ئۇلار شىنجاڭلىقلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا قىزىقمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتالمىش "كىشىلىك ھوقۇقى" شىنجاڭنى غەرب ئەللىرىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ، كونا شىنجاڭنىڭ يانچىلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، ئۇچ چوڭ خوجايىن بەھرىمەن بولىدىغان كەڭ ئاز سانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەلقنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش، ئېزىش ئىمتىيازىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ، خالاس. زاكىرۇ خەلقىدە، قەھرىتان سوغاقنى ئېتىغان كىشىلا باھارنىڭ ئىللىقلىقىنى بىلەلەيدۇ، دېگەن تەمسىل بار. يانچى ۋە قۇل بولۇپ باققان كىشىلا كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ھېس قىلالايدۇ. ئۇلار دالاي گۇرۇھىنىڭ «مېھرىبانلىق ۋە ھېسداشلىق» توغرىسىدىكى قۇرۇق سەپسەتىلىرىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ يەتكەن، شۇڭا ئۇلار شىزاڭنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىۋاتقان، سىياسىي جەھەتتە مۇقىم بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ، بۈگۈنكى كۈندىكى خۇشال-خۇرام ياشاۋاتقان بەختلىك تۇرمۇشىنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ.

**4. ئىنتىپاقلاشتۇرۇشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، ئەڭ كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى مۇستەھكەملىدۇق ۋە راۋاجلاندۇردۇق.**

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «سوتسىيالىزم ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن، بۇرژۇئازىيە بولمايدۇ، لېكىن جەمئىيەتتە ئوخشاش بولمىغان تەبىقىلەر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، شۇ تەبىقىدىكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بىزنىڭ دوستىمىز، ئىنتايىن ئاز قىسمى سوتسىيالىزمغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان دۈشمەن ئۇنسۇرلار. دۈشمەنلەر، دوستلار بولغانلا يەردە دوستلار بىلەن ئىنتىپاقلىشىپ، دۈشمەننى يېتىم قالدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، بىرلىك سەپ خىزمىتىنى جەمئىيىتىمىزدە سوتسىيالىزم ئىشقا ئاشقاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 1-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 430-بەت) يېڭى تارىخىي دەۋردە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ بىرلىك سەپ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى بىرلىك سەپ توغرىسىدا زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، تارىخىي قانۇنىيەتكە ۋە دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان بىر پۈتۈن نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى بارلىق سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەر ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ئەڭ كەڭ بىرلىك سېپىگە راۋاجلاندۇردى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ كەڭ ئىجتىمائىي ئاساس ۋە ئاممىۋى ئاساس سېلىپ بەردى.

شىزاڭ زور ئالاھىدىلىككە ئىگە ئاز سانلىق مىللەت چېگرا رايونى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ خىزمىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىنتىپاقلاشتۇرۇشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، پاسسىپ ئامىللارنى ئاكتىپ ئامىلغا ئايلاندۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىرلىك سەپ خىزمىتىنى تىنچ-ئىنتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. 1990-يىلى

پۈتۈن رايونلۇق بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، رايونىمىزنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپكە بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقى چىڭ ئىگەللەندى، بىرلىك سەپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئەستايىدىل تۇتۇلدى، ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەش ئېسىل ئەنئەنىسى جارى قىلدۇرۇلۇپ، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار پارتىيەنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشكە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە، ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا، تەكشۈرۈشكە تەشكىللەندى، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك ئاڭ سەۋىيىسىدە يېڭى ئۆسۈش بولدى، بىرلىك سەپنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ئاشۇرۇلدى. ئىككىنچىدىن، ھەر تۈرلۈك بىرلىك سەپ سىياسىتى، مىللىي سىياسەت ۋە دىنىي سىياسەتلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە دائىر مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆپلەپ خىزمەت ئىشلىنىپ، 1700دىن كۆپرەك ۋەتەنپەرۋەر زات سىياسىي، تۇرمۇش جەھەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. نۆۋەتتە پۈتۈن رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى، ھۆكۈمەتلەر، سىياسىي كېڭەش كومىتېتلىرى، بۇددا دىنى كېڭەشلىرىدە ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كىشى 200گە يېقىن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرىلاردىن 16سى بار. ئۈچىنچىدىن، كەڭ پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن بۆلگۈنچىلىككە، چېكىنىشكە قارشى تۇرۇپ، رايونىمىزنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى قوغدىدى؛ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن ئاكتىپ ھەمكارلاشتى، سىياسىي جەھەتتىن كېڭىشىشنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا ئەمەلىي ۋەزىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار كۆپەيتىلدى، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش دائىرىسى كېڭەيتىلدى. تۆتىنچىدىن، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك ۋە توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلدى، يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلىرىغا قارىتىلغان خىزمەتنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇدخانا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، بۇدخانىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ۋە كەڭ راھىب-راھىبلەر شۇنىڭدەك دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش جەھەتلەردە ناھايىتى ياخشى رول ئوينىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلدى. بەشىنچىدىن، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش ئىشى كۈچەيتىلىپ، بۇدارا قەسرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان زور بىر تۈركۈم مەدەنىي يادىكارلىق، ئاسارە ئەتىقىلەر رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇ جۇڭگودىمۇ، چەت ئەللەردىمۇ چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى. ئالتىنچىدىن، ”ۋەتەننى سۆيگۈچىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرى“، ”ۋەتەننى سۆيۈشتە ئىلگىرى-كېيىن دەپ ئايرىلمايدۇ“ ۋە ”كېلىش-كېتىشتە ئەركىن بولۇش“ دېگەن پرىنسىپلار بويىچە، تۇغقان يوقلاش، ئېكىسكۇرسىيە قىلىش، ساياھەت قىلىش ۋە ئولتۇراقلىشىش ئۈچۈن چەت ئەلدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن زاڭزۇ قېرىنداشلارنى كۈتۈۋېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلەپ خىزمەت ئىشلىنىپ، رايونىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنىڭ يەنىمۇ مۇستەھكەم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

شىزاڭ زاڭزۇلار ئومۇمىي نوپۇستا ئەڭ زور نىسبەتنى ئىگىلەيدىغان ئاپتونوم رايون بولۇپ، زاڭزۇلاردا تارقالغان بۇددا دىنى ئاما ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزاق ۋە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولغاچقا، مىللىي، دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش بىرلىك سەپ خىزمىتىگە ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ شىزاڭغا يۈرۈش قىلىشتىن بۇرۇنلا بىزگە سەممىي تەربىيە بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: شىزاڭدا ھەرقانداق ئىشنى ئويلىغاندا، ئەڭ ئاۋۋال مىللەت بىلەن دىنىدىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى ئويلاش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىنمۇ: مىللەت، دىن ساھەسىدە كىچىك ئىش بولمايدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىدى. رايونىمىزدا، بۇ ئىككى تۈرلۈك خىزمەت ھەممىلا ۋاقىتتا ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم خىزمەت ھېسابلىنىدۇ، بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق، كەلگۈسىدىكى خېلى ئۇزاق تارىخىي دەۋردىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مىللىي خىزمەت جەھەتتە، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، مىللىي ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن داۋاملىق ھالدا كۆپلەپ خىزمەت ئىشلەش كېرەك. دىنىي خىزمەت جەھەتتە، ماركسىزملىق دىن قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداپ، دىنىي يېتەكلەپ سوتسىيالىزمغا ماسلاشتۇرۇش، ھەم دىنىنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي، مەمۇرىي، ئەدلىيە ۋە مائارىپ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا، ئىشلەپچىقىرىشقا توسقۇنلۇق قىلىشىغا قەتئىي يول قويماسلىق كېرەك؛ ھەم نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغداش، ھەم دىنىدىن پايدىلىنىپ ۋەتەننى پارچىلاشتەك قانۇنغا خىلاپ پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان فېئوداللىق ئىمتىيازلارنى ۋە فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، ئېزىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قەتئىي يول قويماسلىق كېرەك؛ ھەم پۇقرالارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ھەم ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى، ماركسىزملىق خۇداسىزلىق نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى تەشۋىقات، تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك. بىرلىك سەپنىڭ ماھىيىتى بۈيۈك ئىتتىپاقلىقتا، بۈيۈك بىرلىكتە. پۈتۈن رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسى، ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى سوتسىيالىستىك يېڭى شىزاڭنى قۇرۇش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرىدىغان بولساق، پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ-قۇۋۋەت مەنبەسىگە ئېرىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كەڭ ۋە تېخىمۇ پۇختا ئىجتىمائىي ئاساس شەكىللىنىدۇ، باش نىشان ۋە باش ۋەزىپىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىزاڭدا يۈز بەرگەن چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەممە ئىشتا شىزاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغانلىقىدىنمۇ ئايرىلالمايدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، شىزاڭدا جۇڭگوچە

سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى جەريانىدا، باشتىن-ئاخىر كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەرەققىياتنى تۇتۇش كېرەك، بۇ — جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى تېزلىتىش، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ تۈپ يولى، شۇنداقلا سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە تۈپ ۋەزىپىسىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى؛ شىزاڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ بىرىنچى سەپىدە تۇرغاچقا، بىر قولدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى، يەنە بىر قولدا ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشنى تۇتۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلىش كېرەك، بۇ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنىڭ رايونىمىزدىكى كونكرېت ئىپادىسى؛ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك، بۇ — سوتسىيالىستىك يېڭى تىپتىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورنىتىشنىڭ ۋە زاڭزۇ خەلقىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنىڭ تۈپ كاپالىتى؛ ئەڭ كەڭ بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپىنى قۇرۇش كېرەك، بۇ—بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى شىزاڭ قۇرۇشنىڭ كۈچ-قۇۋۋەت بۇلىقى. رايونىمىزنىڭ مۇشۇ يىللاردىن بۇيانقى ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە توپلانغان تەجرىبىلەر كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلىغاندا مۇنۇلاردىن ئىبارەت: يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى شىزاڭنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، مەركەزنىڭ مۇھىم سىياسەت-فاڭجېنلىرىنى شىزاڭنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، مەيلى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا بولسۇن ياكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە بولسۇن، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە شىزاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش كېرەك.

**(ئاپتور ج ك پ شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىدىن)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئادالەت مۇھەممەت**
**رىسالەت ئابلا**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

# سوتسىيالىزم تەلىماتىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق سەكرەش

## — دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئورنى ۋە تۆھپىسى

**يۈي يۈجۈن**

كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، كاپىتالىزمغا قارشى سوتسىيالىزم تەلىماتىمۇ بارلىققا كەلدى. سوتسىيالىزم تەلىماتى خىيالىي سوتسىيالىزمچى توماس مورنىڭ «ئۇتوپىيە» دېگەن كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىشىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان بولۇپ، ھازىرغىچە 480 يىللىق تارىخقا ئىگە. مۇشۇ ئاز كەم بەش ئەسىر داۋامىدا، سوتسىيالىزم تەلىماتىدا ئۈچ چوڭ سەكرەش بولدى. بىرىنچى قېتىملىق سەكرەش سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە سەكرىشى بولۇپ، بۇنى ماركس ۋە ئېنگېلس ئەمەلگە ئاشۇردى؛ ئىككىنچى قېتىملىقى سوتسىيالىزمنىڭ نەزەرىيىدىن ئەمەلىيەتكە، سىياسىي غايىدىن ئىجتىمائىي تۈزۈمگە سەكرىشى بولۇپ، بۇنى لېنىن ۋە ماۋ زېدۇڭ قاتارلىقلار ئەمەلگە ئاشۇردى؛ ئۈچىنچى قېتىملىق سەكرەش سوتسىيالىزمنىڭ ئىنقىلابتىن قۇرۇلۇشقا سەكرىشى بولۇپ، بۇ سەكرەش لېنىندىن باشلاندى، ستالىن ۋە ماۋ زېدۇڭلار ئارقىلىق دېڭ شياۋپىڭغا كەلگەندە دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. يەنى دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ياراتتى. بۇ نەزەرىيە جۇڭگودەك ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى بىرقەدەر ئارقىدا قالغان مەملىكەتتە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، سوتسىيالىزمنى قانداق مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بىر قاتار تۈپ مەسىلىلەرگە بىرىنچى قېتىم بىر قەدەر سىستېمىلىق ۋە دەسلەپكى قەدەمدە جاۋاب بەردى، بۇنىڭ بىلەن ئىلمىي سوتسىيالىزمنى يېڭى باسقۇچقا راۋاجلاندۇرۇپ، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى بولۇپ قالدى. يېقىندا مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرۇپ يازغان «يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش پروگراممىسى» بىزنىڭ بۇ "ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى"نى ئۆگىنىشىمىزنى مۇھىم قوشۇمچە ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى. «پروگرامما»غا بىرلەشتۈرۈپ، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگەنگەندە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدىغان مۇھىم بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىگە قوشقان ئاساسىي تۆھپىسىدىن ئىبارەت. بۇ ماقالىدە مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە نۇقتىلىق توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

**— جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى سوتسىيالىستىك دۆلەت تۇرۇۋاتقان تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىنى توغرا مۇئەييەنلەشتۈردى، كاپىتالىزمنىڭ تولۇق راۋاجلىنىش باسقۇچىنى ھالقىپ ئۆتۈش بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي ئاساسىنى سېلىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلدى.**

ماركس، ئېنگېلس ئەينى يىللاردا، ئىنسانلار جەمئىيىتى كاپىتالىزم تولۇق راۋاجلانغان، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ئاساستا سوتسىيالىزم — كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە قەدەم قويىدۇ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئالدى بىلەن تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك ئەللەردە غەلىبىگە ئېرىشىدۇ؛ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، قىسقىغىنا ئۆتكۈنچى دەۋرنى باشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە قەدەم قويىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانىدى، ماركس، ئېنگېلسنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە، سوتسىيالىزم ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۈكسەك تەرەققىي قىلىش ئاساسىغا ئورنىتىلغاچقا، كاپىتالىزمنىڭ تولۇق راۋاجلىنىش باسقۇچىنى ھالقىپ ئۆتۈش بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي ئاساسىنى سېلىش ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇت بولمايتتى. ھالبۇكى، ھازىرقى زاماندا سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان دۆلەتلەر بولۇپ، ئۇلار كاپىتالىزمنىڭ تولۇق راۋاجلىنىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي ئاساسىنى تېزدىن سېلىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشى، ئۇنى تۈپ ۋە بىرىنچى ۋەزىپە قىلىشى كېرەك. ئىلگىرى سوتسىيالىستىك دۆلەت تۇرۇۋاتقان تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا بولغان تونۇش توغرا بولمىغاچقا، سوتسىيالىزم خېلى ئۇزاق ۋە كوممۇنىزمغا نىسبەتەن نىسپىي مۇستەقىل تارىخىي باسقۇچ دەپ قارالغان، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى توغرىسىدىكى تۈرلۈك نەزەرىيىلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىگە ئاساسەن كوممۇنىزمغا ئۆتۈشتە بىرقانچە تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ دېگەن نۇقتىدىن قارىغانلىقتىن، گەرچە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئورناتقان بولساقمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتە قالاق بولۇش، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تاۋارلىشىش، ئىجتىمائىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى بولماسلىقتەك ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى تونۇشمىز يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغان ئاساستا سوتسىيالىزم قۇرۇشتا سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى، بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت تەرەققىيات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى تونۇۋالمىغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىچكى ئامىللىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈشمىز يېتەرلىك بولمىدى، كۆپىنچە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات تەلىپىدىن چەتلەپ كېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەر-تىشنى بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن تەكىتلىدۇق، نەتىجىدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا، شارائىت ھازىرلانمىسىمۇ تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا ئۆتۈشكە ئالدىراش، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ تۇرۇش، "بىرىنچىدىن چوڭ، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي" بولۇشنى قارىغۇلارچە قوغلىشىش مەسىلە-لىرى ئومۇمىيۈزلۈك كۆرۈلدى. مۇشۇنداق بولغاچقا، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم ئورنىتىلغان بولسىمۇ بۇ تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى. كاپىتالىستىك ئەللەردىكى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىدىن ئېزچىل يۇقىرى تۇرىدىغان ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى يارىتىلمىدى، كاپىتالىزمنىڭ تولۇق راۋاجلىنىش باسقۇچىنى ھالقىپ ئۆتۈش بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي ئاساسىنى سېلىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئوبدان ھەل قىلىنمىدى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ئېلىمىز— سوتسىيالىستىك جەمئىيەت، بىراق يەنىلا دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ باسقۇچتىكى ئاساسىي زىددىيەت خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزدىن ئىبارەت مۇشۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، مۇشۇ تۈپ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇش، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى ۋە بازار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن كاپىتالىزمنىڭ تولۇق راۋاجلىنىش باسقۇچىنى ھالقىپ ئۆتۈش بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي ئاساسىنى سېلىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

**— جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ مەقسىتىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن چوڭقۇر ئېچىپ بەردى، سوتسىيالىزم دېگەن نېمە دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بەردى.**

سوتسىيالىزم دېگەن نېمە دېگەن مەسىلىگە قارىتا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ، ئاچقۇچلۇق مەسىلە تۈپ سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش، دەپ

كۆرسەتتى. سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، يۈكسەك، ئىلمىي يەكۈن چىقاردى، ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئەڭ ئاخىردا ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش.“ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى بۇ ئىدىيىسى ھەم ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرغان، ھەم ئىلمىي سوتسىيالىزمنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرغان. ئۇ ئىككى مەزمۇنغا ئىگە: سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش؛ سوتسىيالىزمنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئورتاق بېيىشتىن ئىبارەت. يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسىنى ۋە ئاخىرقى مەقسىتىنى مۇشۇنداق تونۇدى ۋە يىغىنچاقلىدى ھەمدە سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى مۇشۇ ئىككى جەھەتتىن ئېچىپ كۆرسىتىپ بەردى، بۇ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا ۋە سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن.

ئىلگىرى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلدە بىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دېگەندەك كۆڭۈل بۆلۈپ كېتەلمىدۇق، ياكى تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى باشتىن-ئاخىر سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىش قاتارىغا قويمىدۇق، ئەكسىچە، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتىشنى ئىنتايىن تەكىتلەپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتىپلا تۇرساق، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز، دەپ قارىدۇق. ئەمەلىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ۋە ئىچكى تەلىپىدىن چەتلەپ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇستقۇرۇلما ساھەسىدە سىياسىي كۈرەش ئېلىپ بارغاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرگىلى بولماقتا يوق، ئەكسىچە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخى توسالغۇ بولدى. ئىلگىرى بىزنىڭ ئورتاق بېيىشنى چۈشىنىشىمىزدىمۇ بىلىش جەھەتتە بىر تەرەپلىملىك بولدى، ھەممەيلەن ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرسە، مۇشۇنىڭ ئۆزى ئورتاق بېيىش بولىدۇ، دەپ قارىدۇق، نەتىجىدە تەڭ تەقسىماتچىلىق يولىغا قويۇلدى. مۇشۇنداق بولغاچقا، كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىجادكارلىقى، ئاكتىپلىقى ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى قوزغىتالمىدۇق، بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولماي قالدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ۋەزىپە ۋە شەرت قىلىش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىردا ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىش ئاساسىدا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ نەزەرىيىۋى جازىسىنى قۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ بەرگەن، ئىقتىسا-

دىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات-ئىچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش شەرتلىكىنى تەكىتلىگەن، ”ئۇچكە پايدىلىق بولۇش“نى ئىسلاھات ۋە ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەردى-ىكى ھەق-ناھەق، پايدا-زىياننى ئۆلچەشنىڭ ئۆلچىمى دەپ قارىغان؛ ئوتتۇرا بىيىشنىڭ بىر تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ئىكەنلىكىنى، بۇ جەرياندا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ۋە بىر قىسىم رايونلارنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويۇش كېرەكلىكىنى، ئالدىن بېيىغانلارنىڭ ئارقىدا قالغانلارنى بېيىشقا يېتەكلەپ ھەم ئۇلارنىڭ بېيىشىغا ياردەم بېرىپ، ئاخىرىدا ئوتتۇراق بېيىشنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئوتتۇراق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ توغرا يولىنى تېپىپ چىقتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى سوتسىيالىزم دېگەن نېمە دېگەن مەسىلىگە ئىلمىي جاۋاب بەردى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلىنى سېلىپ بەردى.

**— جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىكى ئىگىزلىك زىددىيەتنى توغرا تەھلىل قىلدى، ئىسلاھات جۇڭگودىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب دېگەن ئىدىيىنى ۋە ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەت-لەندۈرگۈچ كۈچى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.**

ماركسىزم، سىنىپىي كۈرەش سىنىپىي جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، دەپ ھېسابلايدۇ، بۇنىڭ توغرىلىقىدا گەپ يوق. ھالبۇكى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ سىنىپىي زىددىيەت جەمئىيەتنىكى ئاساسىي زىددىيەت بولۇشتىن قالغان باسقۇچتا، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تەرەققى-ياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نېمە؟ بۇ مەسىلە زامانىمىزدىكى سوتسىيالىزم ھەرىكىتىدە ئۇزاقتىن بۇيان دېگەندەك ئوبدان ھەل بولماي كەلگەندى.

ستالىن 1936-يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا سىنىپ يوقىتىلدى، كىم كىمنى يېڭىش مەسىلىسى ھەل بولدى، دەپ جاكارلىغانىدى، ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن «سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى (بولشېۋىكلەر) تارىخى كۇرسى»دا، سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتىدە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسى-ۋەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئۈستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىس ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇت ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقىدا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش، ھەمكارلىشىش روھىدىن ئىبارەت، دەپ ھۆكۈم چىقىرىلدى. ستالىننىڭ سوتسىيا-لىستىك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى توغرىسىدىكى بۇ نۇقتىئىنەزىرىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى ئۇلۇغ كۈچىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى قىممەتلىك ئىدى،

ئەمما ئۇنىڭدا سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە يەنىلا زىددىيەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان ئامىللارنىڭ يەنىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە سەل قارالدى، بۇ ئامىللارنى تۈگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىلمىدى، بۇ ھال سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا، ئىلگىرىلىشى-گە پايدىسىز بولدى. تېخىمۇ خاتا بولغىنى شۇكى، ئۇزاق ئۆتمەيلا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدە كۈرەشنىڭ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، ئۇ يەنە، سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىدا سىنىپىي كۈرەش مەۋجۇت بولۇپلا قالماي، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇزلۇكسىز غەلىبىگە ئېرىشىشى ئارقىسىدا سىنىپىي كۈرەش بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىپ بارىدۇ، دەپ جاكارلىدى، شۇنىڭدەك بۇنى بىر قانۇنىيەت دېدى. بۇ خاتا نۇقتىئىنەزەر خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى، نەتىجىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتى كېڭەيتىۋېتىلدى، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئېغىر پاسسىپ تەسىر كۆرسەتتى.

يولداش ماۋ زېدۇڭ 50-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى نېگىزلىك زىددىيەت يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئۇستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىس ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت، دەپ توغرا ئوتتۇرىغا قويغانىدى. لېكىن ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىچكى ئامىللىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەي، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلىگەنلىكتىن، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئۇستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىس ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تۈگىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولىنى تاپالمىدى، كېيىنكى كۈنلەردە يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنە، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، سوتسىيالىزم يولى بىلەن كاپىتالىزم يولى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مەملىكىتىمىزدە باشتىن-ئاياغ ئاساسىي زىددىيەتتۇر، "سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش" كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى، ئەمەلىيەتتە سىنىپىي كۈرەشنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچى دەپ قارىدى، نەتىجىدە جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا ئېغىر زىيان يەتتى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېقى تارىخىي دەۋردە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ 50- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى نېگىزلىك زىددىيەت توغرىسىدىكى توغرا ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرى-سىدىكى كۈرەش — ئاساسىي زىددىيەت، "سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش" كېرەك دېگەن خاتا نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تۈزىتىپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاساسىي زىددىيەت خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىشلەپچىقىرىش

كۆچلىرىنىڭ بۇ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتۇر، دەپ قايتا بايان قىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: سوتسىيالىزم بىلەن شۇغۇللىنىدىكەنمىز، چوقۇم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشىمىز، بۇنىڭدىن باشتىن-ئاياغ تەۋرەنمەسلىكىمىز لازىم، دەپ تەكرار-تەكرار تەكىتلىدى. ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەدەنىي ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك دېگەن مەسىلىدە يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەم تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ھەم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك، دەپ قارىدى ھەمدە ئىسلاھات — جۇڭگودىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب دېگەن نەزەرىيە ۋە ستراتېگىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرىنى ئازاد قىلدۇ، ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرىنى ئازاد قىلدۇ، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىسلاھاتمۇ ئىنقىلاب. لېكىن ئىسلاھات بۇرۇنقى مەنىدىكى ئىنقىلاب ئەمەس، بۇ ئىنقىلابتا تۈزۈم ئۈستىدىن ئەمەس، بەلكى تۈزۈلمە ئۈستىدىن ئىنقىلاب قىلىنىدۇ، ئىسلاھات — سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۇرۇشى، ئىسلاھاتتا سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھاتنى كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىش كېرەك. بارلىق ئىسلاھاتلىرىمىزنىڭ مەقسىتى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان توسالغۇلارنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلاھاتتا ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرىنى ئازاد قىلىشنى، ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى باش-تىن-ئاخىر بىرىنچى ۋەزىپە قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش تەلپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كونا تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىش، ئىسلاھات ئارقىلىق ئاكتىپلىقنى قوزغاش، ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، قەدەممۇقەدەم سىلجىش، ئاكتىپ، پۇختا ئىش كۆرۈش دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ مەزمۇنى ئىسلاھاتنىڭ بۆسۈش ئېغىزىنى يېزىلارغا قويۇش، ئاندىن شەھەرلەرگە كېڭەيتىش؛ ئاۋۋال ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىش، ئاندىن سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يانداشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىش؛ ئاۋۋال قىسمەن دائىرىدە سىناق قىلىش، ئاندىن ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىش؛ دادىل سىناق قىلىش، تەجرىبىلەرنىمۇ ئۆز ۋاقتىدا يەكۈنلەپ تۇرۇش؛ "ئۈچكە پايدىلىق بولۇش"نى ئىسلاھاتنىڭ پايدىلىق بولغان-بولمىغانلىقىنىڭ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان- بولمىغانلىقىنىڭ ئۆلچىمى قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەن: "ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشمۇ ئىسلاھاتنىڭ بىر مەزمۇنى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا،

ھەممىسى ئىسلاھات دەپ ئاتىلىدۇ” بۈگۈنكى دۇنيا ئوچۇق دۇنيا، تەرەققىي قىلماقچى بولغان ھەرقانداق دۆلەت بېكىنىۋالسا بولمايدۇ. جۇڭگودا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا ئاساسلىق ئۆزىمىزگە تايىنىشىمىز كېرەك، لېكىن ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىش ئاساسىدا ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكىمۇ توغرا كېلىدۇ — ھەر تەرەپكە ئېچىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ ئارقىلىق چەت ئەللەرنىڭ مەبلىغى ۋە تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىمىز، بۇنىڭ ئۆزىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىشىمىزغا ياردىمى بولىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگودا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتكۈل ئىسلاھات- ئېچىۋېتىش جەريانىدا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا باشتىن-ئاياغ چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. ئۇ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىدا چىڭ تۇرۇشنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئىككى تۈپ نۇقتىسى دەپ بەلگىلىدى.

شۇنداق قىلىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھاتنىڭ خاراكتېرى، مەزمۇنى، يولى، مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتىنى ئەتراپلىق، ئىلمىي شەرھلەپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات توغرىسىدىكى مۇكەممەل ئىلمىي نەزەرىيىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

**— جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت دەپ ئوتتۇرىغا قويدى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈنۈملۈك راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىنى تاپتى.**

50- يىللاردىن باشلاپ، 60-، 70- يىللارغىچە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى يۈكسەك مەركەزلەشتۈرۈش، بىرلىككە كەلتۈرۈش ئاساسىدىكى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدە نۇرغۇن ئىللەتلەرنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى ئىسلاھ قىلغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى پەيدىنپەي تونۇپ يەتتى. بىراق، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى نېمە؟ يەنى، قانداق ئىقتىسادىي تەشكىلات شەكلىنى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىنى تاللىغاندا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭغا زامانىمىزدىكى سوتسىيالىزم ھەرىكىتى ئىلگىرى ئۇزاققىچە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمىدى. ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي فورماتسىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ماركس، ئېنگېلس تەسەۋۋۇر قىلغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەت مەھسۇلات

www.uyghurkitap.com

ئىگىلىكى جەمئىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا تاۋار يوق، پۇل يوق ئىدى، پىلانلىق ئىگىلىك يولغا قويۇلاتتى. لېنىن، ستالىنلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە تاۋار ۋە پۇلنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى، سوتسىيالىزم قۇرۇشتا تاۋار ۋە پۇلدىن پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمما يەنىلا پىلانلىق ئىگىلىكنى سوتسىيالىزمغا، بازار ئىگىلىكىنى كاپىتالىزمغا تەڭ قىلىپ قويدى. مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى كۆز قاراشنىڭ چىرمىۋېلىشى ئارقىسىدا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا ھەمىشە بىمالال ئىش قىلىپ بارالماي، يېڭى ۋەزىيەت يارىتالمىدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ زامانىمىزدىكى كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزمنى ئىلمىي كۆزىتىش ئارقىلىق مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پىلانمۇ، بازارمۇ ئىقتىسادىي ۋاستە بولۇپ، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى ئەمەس؛ بازار ئىگىلىكى بىلەن سوتسىيالىزم ئوتتۇرىسىدا تۈپ زىددىيەت مەۋجۇت ئەمەس، سوتسىيالىزمدىمۇ بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ؛ بىراق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى تۈپ سوتسىيالىستىك تۈزۈم بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بىلەن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، باشقا ئىقتىسادىي تەركىپلەر بىلەن تەقسىمات شەكلىنى تولۇقلىما قىلىش، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەپ تىزگىنلىشى ئارقىسىدا بازارنىڭ بايلىقنى تەقسىملەشتىكى ئۇل- ئاساسلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئارقىسىدا، ھازىرقى زاماندىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى مۈشكۈلاتقا سېلىپ قويغان قىيىن مەسىلە ھەل بولدى. سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى تەشكىلىي شەكلى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمى تېپىلدى، بۇ ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىگە قوشۇلغان بۆسۈش خاراكتېرلىك تۆھپىدۇر.

**— جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ”ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش“ فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ كونكرېت يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.**

ئىلگىرى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلدە بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مەركىزىي ۋەزىپە ئىكەنلىكىگە سەل قارىدۇق. كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى سىياسىي ھەرىكەتلەر ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر دەككە-دۈككىدە يۈردى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى، ھەتتا توختاپ قالدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تېز ئۆسمىدى، ھەتتا تۆۋەنلەپ كەتتى. ئەمەلىيەت بۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. كېيىن ئىسلاھات يولغا قويۇلغاندا، ئىسلاھاتنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرى ۋە يۆنىلىشىنى ئىنكار قىلىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋە ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىگە قارشى تۇرغۇچىلار چىقتى، بۇ ئىسلاھاتقا ئوڭ تەرەپتىن بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈش خاھىشى ئىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ زامانىمىزدىكى دۇنيا سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، سوتسىيالىستىك

زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ماركسىزمچە ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا ئارقىلىق تەھلىل قىلىپ ۋە ھەل قىلىپ، ”ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش“ فاكجېنى ۋە ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى مەدەنىيەتنى ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلدى، ھەم بۇ ئىككى مەدەنىيەتكە ئىلمىي مەزمۇن بەخش ئەتتى. ئۇ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا ئىككى قولدا تۇتۇشتا يەنى بىر قولدا ماددىي مەدەنىيەتنى، بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەتنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بارغاندىلا، بۇنىڭ ئۆزى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بولىدۇ، دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىدى. بىر قولدا ماددىي مەدەنىيەتنى، بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەتنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ”ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش“ توغرىسىدىكى بىر قاتار كونكرېت فاڭجېنلارنى، جۈملىدىن بىر قولدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى تۇتۇش، بىر قولدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى تۇتۇش؛ بىر قولدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تۇتۇش، بىر قولدا جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشنى تۇتۇش؛ بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش، بىر قولدا تەلىم-تەربىيىنى تۇتۇش؛ ۋەھاكازالارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ”ئىككى قولدا تۇتۇش“ كېرەكلىكىنى ئوبرازلىق ئوخشىتىش بىلەن بايان قىلغانىدى. ئۇ، ئادەمنىڭ ئىككى قولى بولىدۇ، ئادەم ئىككىلا قولىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك، ئەگەر بىر قولىنىلا ئىشلىتىۋەرسە، تەكپۇكلۇق ئوڭايلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، دېگەن. پارتىيىمىز ”ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش“ فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، 17 يىلدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن شانلىق ئىستىقبالنى نامايان قىلىپ بەردى. جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 17 يىللىق ئەمەلىيىتى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ تامامەن توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا دۇنيانىڭ دىققەت نەزىرىنى تارتىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ ئۇرغىدى. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، بۇ نەزەرىيە جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋې-تىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، شۇنىڭدەك زامانىمىزدىكى دۇنيا سوتسىيالىزم ھەرىكىتىدىمۇ جەزمەن زور تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

**(ئاپتور جۇڭگو كومپارتىيىسى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزا-سى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇللا ئابلىز**

www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 10>

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5—V 刊号：ISSN1006—5857 / CN11—2498/D

邮发代号：2—373 定价：1.50元 邮政编码 100013